مۇھەممەتئىمىن توختى

# باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەتئىمىن توختى

# باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

园林栽培与管理 /麦麦提明·托合提著；—喀什：喀什维吾尔文出版社，2006.8
ISBN 7－5373－1543－4

Ⅰ.园… Ⅱ.麦… Ⅲ.园林树木—栽培—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.S68

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 107120 号

责任编辑：古丽巴哈尔·麦麦提依明
责任校对：坎拜尔古丽· 吾斯曼

# 园林栽培与管理

作者：麦麦提明·托合提

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编 844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米　1/32 开本　5.125 印张
2006 年 8 月第 1 版　2006 年 8 月第 1 次印刷
印数 1 —— 3080　　定价：7.00 元

如有问题，请与我社联系挽　电话：0998 — 2653927

# ئاپتوردىن

شىنجاڭ مېۋە خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى، سەرخىللىقى، رەڭگىنىڭ كۆركەملىكى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، خۇش پۇراقلىقى ھەم ئۆزىنىڭ «مېۋە - چېۋە» ماكانى دېگەن نامى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. شىنجاڭدا بادام، پىستە، ياڭاق، چىلان، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئالما، نەشپۈت، بېھى، گىلاس، قارىئۆرۈك قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ مېۋىلىك باغ كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئاشىدۇ. شىنجاڭ خەلقى مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش، مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان.

شىنجاڭ دۇنيادىكى ئالتە چوڭ مۆتىدىل بەلۋاغ يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ ئۆسىدىغان رايونلارنىڭ بىرى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزاق بولۇشى، مۇۋاپىق ئىسسىقلىق شارائىتى، كېچە - كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر شىنجاڭ مېۋىلىرىنىڭ سۈپەت، رەڭدارلىق، تەم جەھەتتىكى داڭقىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان. شىنجاڭنىڭ قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يېتىلىشىدىكى پايدىلىق شارا-

ئىتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق قۇرغاق كىلىماتلىق هاۋا-
رايى ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان هاشاراتلارنىڭ
تەبىئىي كۈشەندىسى. ئوخشاش تەبىئىي شارائىت ئاستىدا
شىنجاڭنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرگە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى
ئىشلىتىش مىقدارى مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا ئۆلكە،
ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئاز، شۇڭا شىن-
جاڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ تەبىئىي ساپلىقى (بۇلغانمىغانلى-
قى) تۇپەيلى «يېشىل يېمەكلىك» قاتارىدىن ئورۇن ئې-
لىپ، مۇقەررەر هالدا خەلقئارا بازارنىڭ قارشى ئېلىشىغا
ئېرىشمەكتە. شۇنداق بولسىمۇ، شىنجاڭ مېۋە- چېۋىلى-
رىنىڭ باهاسى خەلقئارا بازار باهاسىدىن 20 — 30%
ئەتراپىدا تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك
مەسىلىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشتا سىياسەت، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئىجتىمائىي
شارائىت ۋە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىن ياخشى ئاساسقا ۋە
تارىخىي ئەۋزەللىككە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان «تۇنخې»،
«شىنتيەن»، «زوڭخېڭ» قاتارلىق چوڭ كارخانىلارنىڭ
مەيدانغا كېلىشى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مېۋە - چېۋە
مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگە-
شىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا «ئۈ-
زۈمزارلىق بازىسى»، «تاۋار نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىش باز-
سى»، «ئەلا سورتلۇق ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى»،
«ئانار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى»، «ئۆرۈك ئىشلەپچىقى-

-رىش بازىسى» ، «قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» قاتارلىق كۆلەملەشكەن مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلۇپ، يىلدىن - يىلغا كېڭەيمەكتە. ھازىرقى مەسىلە قانداق قىلغاندا باغ ئورمانلىرىنىڭ پەرۋىشىنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، ئەلا سۈپەتلىك مېۋە سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، تاۋارلىق نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئوبوروت يوللىرىنى كەڭ ئېچىش، مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەن ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزۈمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىم ۋە باشقىلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا، قولىڭىزدىكى «باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە مەسلىھەتچى، باغۋەنلەرگە ياردەمچى، تېخنىكلارغا يېتەكچى، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە نەپ بېرەلىسە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

كىتابنى يېزىش داۋامىدا بەزى خاتالىق - نۇقسانلارغا يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن، كەسپداشلارنىڭ قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

2005- يىل 1- ئاينىڭ 30- كۈنى

# مۇندەرىجە


I باب باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش ........ 1

1. هويلا - ئاراملاردا ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر ........ 1

2. كۆچەت تىكىشنىڭ ياخشى پۇرستى ........ 5

3. مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، زىچ ئۆستۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ........ 7

4. ئانارلىق باغ بىنا قىلىش ........ 10

5. ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر كۆچىتىنى قايسى مەزگىلدە تىكىش كېرەك ........ 23

6. پىشمىغان ياڭاقنى ئالدىراپ قاقماسلىق كېرەك ........ 26

II باب مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۇرۇش ........ 29

1. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى ........ 29

2. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى يېتىشتۇرۇشتىكى سۈپەت ئۆلچىمى ........ 33

3. بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقنى دې-

زىنفېكسىيە قىلىشتىكى رولى ............ 36
4. مېۋىلىك دەرەخ قەلەمچىسىنىڭ يىلتىز چىقىرىشىنى تېزلىتىش ئۇسۇللىرى ...... 39
5. ئانارئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ........................ 44
6. بېھى كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ........................ 51
7. ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ........................ 54
III باب مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش ۋە پەرۋىش قىلىش ........................ 60
1. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار .................. 60
2. ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ نوتىلىرىنى قايسى مەزگىلدە يىغىۋېلىش كېرەك .................. 64
3. مېۋىلىك باغلارنى پەرۋىش قىلىشتائەمەلىي قوللىنىش زۆرۈر بولغان تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ........................ 67
4. مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يېلىم ئېقىش كېسىلىنى «داۋالاش» .................. 76
5. ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ۋە پەرۋىش قىلىش ........................ 80
6. بېھى دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش ............ 88
7. ياڭاق دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش ............ 91
8. ئۆرۈك دەرەخلىرىنى كۈزدە چاتىغاننىڭ پايدىسى كۆپ .................. 97

Ⅳ باب مېۋىلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ........................ 99
1. خەلق ئارادا بازىرى ئىتتىك ئالتە خىل قۇرۇق مېۋە ........................ 99
2. شەرقىي- جەنۇبىي ئاسىيا بازىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئالتە خىل ھۆل مېۋە ...... 104
3. ئۆرۈكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ........................ 114
4. شاپتۇلنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىۋە دورىلىق خۇسۇسىيىتى ........................ 118
5. ئالما ۋە ئۈنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ................................ 122
6. مېۋىسى كۆركەم، ئۆمرى ئۇزاق مېۋىلىك دەرەخ — غەزمەت ................ 124
7. شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورىلىق قىممەتلىك مېۋىلەر ........................ 127
8. چىلاننىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىۋە دورىلىق رولى ................................ 134
9. ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى، دورىلىق قىممىتى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىشى ...... 138
10. ئانارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە دورىلىق خۇسۇسىيىتى ........................ 141
11. ئاق جىگدە ۋە ئۇنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ................................ 144
12. ئۈجمىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ........................ 147
13. شاتۇتنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ...... 153

# I باب باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش

## 1. هويلا ـ ئارامىلاردا ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر

هويىلا ـ ئارامىلاردا مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش — باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئائىلە كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىقتىسادىي مەنبە. يىللاردىن بۇيان دېھقانلار پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ هويلا ـ ئاراملىرىدا ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلاندۇرۇپ ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتتى. يەنە بىر قىسىم دېھقانلار قاقاسلىق ۋە تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىپ، كۆچەت تىكىپ مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىدى. شۇڭا، هويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشتا هويلا ـ ئاراملاردا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش

ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرىنى بىر-قەدەر ياخشى ئىگىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم.
1) هويلا - ئاراملارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يەرلەرنى ئەتراپلىق پىلانلاش لازىم. بۇنىڭدا، هويلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، يەر شەكلى، تۇپراق قۇرۇلمىسى، سۇغىرىش شارائىتى، كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈش- چۈشمەسلىكى، دەرەخ تۈرلىرىنىڭ باب كېلىش-كەلمەسلىكى، مېۋە سورتلىرىنىڭ ماسلىشىش - ماسلاش-ماسلىقى، تىكىدىغان دەرەخلەرنىڭ گۈل- چېچەك، غول-يوپۇرماق ۋە مېۋىلىرىنىڭ مەنزىرىلىك خۇسۇسىيىتى قاتار-لىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.
2) ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقى-رى بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى تاللاپ تىكىش لازىم. ئىستېمال قىممىتى دېگەندە، كۆپ سانلىق كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان، رەڭدار، تەمى تاتلىق، هۆل ئىستېمال قىلىشقىمۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدىغان، سىرتقا يۆتكەشكە قولايلىق، كەڭ بازار تاپقان، پىششىقلاپ ئىشلەش قىممىتى يۇقىرى كوزىر مەهسۇلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇنداق مېۋىلىك دەرەخ-لەرنىڭ كۆچەتلىرىنى كۆپرەك تىكىپ، هويلا - ئارام ئىگى-لىكىنى گۈللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.
3) شۇ يەردە ئاز ئۆستۈرۈلىدىغان ئالاهىدە مېۋە سورتلىرىنى تاللاپ تىكىش لازىم. بەزى ئەتىۋارلىق مېۋە-چېۋىلەر بىر قىسىم ئورۇنلاردا ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئىزدىسە تېپىلمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج

كۆپ، ئىستېمال قىممىتى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى. شۇڭا، مۇشۇ خىلدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ھويلا - ئارامىلارغا كۆپرەك تىكىپ مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش لازىم.

4) ئوخشاش بولمىغان سورتلارنى تاللاپ ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ تىكىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئالدى - كەينىگە تىكىلگەن بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەر ھەر يىلى چېچەكلىسىمۇ مېۋە بەرمەيدىغان ئەھۋال بولىدۇ. مەسىلەن، بادام، ئالما، بېھى، ئالۇچا قاتارلىق بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سورتى بىر خىل بولسا بۇلار «ئۆزلۈكىدىن چاڭلىشىدۇ، ئەمما مېۋە بولمايدۇ.» شۇڭا، بىر تۈردىكى دەرەخلەرنىڭ ھەرخىل سورتلىرىنى تاللاپ باغ بىنا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5) ھويلا - ئارامىلارغا مېۋىلىك دەرەخ بىلەن مېۋىسىز دەرەخنى ئارىلاشتۇرۇپ تىكمەسلىك لازىم. مېۋىسىز دەرەخلەر ئېگىز ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ سايىسى، يىلتىزى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ، ھەتتا باغنىڭ تۇپراق قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، تېرەك، سۆگەت، ئاكاتسىيە قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەرنى ھويلا - ئارامىلارغا ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىغا تىكمەسلىك لازىم.

6) ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى تاللاپ، ئايرىم - ئايرىم تىكىش لازىم. مەسىلەن، ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئالدىغا سورتلۇق تال، كەينىگە

مەخسۇس سورتلۇق چىلان، ئانار، ياڭاق ياكى ئەنجۈر كۆ-
چەتلىرىنى تىكىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ
تىكمەسلىك لازىم.

7) ھويلا-ئاراملارغا تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۇپ-
رەت ئارىلىقى مۇۋاپىق بولۇش، بەك زىچ بولۇپ قېلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك. كۆچەتلەر رەت - تۇپ بويىچە تۈز،
تەكشى تىكىلسە پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇشقا، كېسەللىك،
زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشقا قولايلىق
بولىدۇ.

8) ھويلا - ئاراملارنىڭ ئالدى - كەينىگە تىكىلىدىغان
كۆچەت ئۇلاپ سورتى ياخشىلانغان مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى
بولۇش لازىم. ئۇلانمىغان، سۇپىتى ۋە سورتى ناچار كۆ-
چەتلەرنى قەتئىي تىكمەسلىك كېرەك.

9) مېۋىلىك دەرەخ ئاستىغا سەي - كۆكتاتلارنى كې-
رىشتۇرۇپ تېرىش لازىم. ھويلا - ئاراملارنىڭ ئالدى -
كەينىگە كۆچەت تىكىپ باغ بىنا قىلىنغاندىن كېيىن،
كۆچەت ئارىسىغا ھەرخىل سەي - كۆكتات، بۇلجۇرگەن ۋە
دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق باغنىڭ
كىرىمىنى كۆپەيتىش لازىم. ئەمما، باغ ئىچىگە قوناق،
گازىر قاتارلىق ئېگىز ئۆسىدىغان سامان غوللۇق زىرائەت
ۋە كاۋا، قاپاق قاتارلىق پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تېرى-
ماسلىق لازىم.

10) ھويلا - ئاراملاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەر-
ۋىش قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. شارائىت بول-
سا سۇغىرىشنى ئائىلىلىكلەر قورۇسى بويىچە بىر تۇتاش

ئېلىپ بېرىش، باشقا پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر ۋاقتى - قەرەلىدە ئىشلەپ باغۋەنچىلىكتىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم يارىتىش لازىم.

## 2. كۆچەت تىكىشنىڭ ياخشى پەيتى

ئەتىياز پەسلىدە ھەرخىل كۆچەتلەرنى تىكىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تىكىش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرى بالدۇر تىكىلسە كۆكلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە، بەزى دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرى كېيىن تىكىلسە كۆكلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بالدۇر تىكىلىدىغان كۆچەتلەر كېيىن، كېيىن تىكىلىدىغان كۆچەتلەر بالدۇر تىكىلىپ قالسا، كۆكلەش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، كۆچەتلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، تۇپراق، ھاۋا، سۇ شارائىتىغا قاراپ تىكىش ۋاقتىنى بەلگىلەش لازىم.

1) سېرىق سۆگەت، قارا سۆگەت، تەتۈر سۆگەت، مەجنۇنتال قاتارلىق سۆگەت كۆچەتلىرىنى 2- ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە تىكىش، ئەگەر كەسمە (جىرىم) قىلىنغان بولسا، 3- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تىكىش؛

2) سېرىق تېرەك، كانادا تېرىكى قاتارلىقلارنى 3- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە تىكىش؛

3) شىنجاڭ تېرىكى، قاپاق تېرەك، قارىياغاچ، ئەر-

مۇدۇن، تۇخۇمەك قاتارلىقلارنى 3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە تىكىش؛

4) چىنار، جىغان، ئارچا، يۇمىلاق ئارچا قاتارلىقلارنى 2- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە تىكىش؛

5) ئۆرۈك، شاپتۇل، بادام، ئالما، نەشپۈت، بېھى، ئامۇت، ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، جىنەستە، گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى 3- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە تىكىش؛

6) ياڭاق، چىلان، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىق ئىقتىسادىي دەرەخلەرنى 3- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە تىكىش؛

7) جىگدىنى 2- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تىكىش؛

8) ئۈجمىنى 3- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تىكىش؛

9) تالنى 3- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە تىكىش؛

10) قىزىلگۈل، ئەتىرگۈلنى 3- ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 3- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تىكىش لازىم.

ھەرخىل كۆچەتلەر يۇقىرىدىكى كۈن تەرتىپ بويىچە تىكىلسە، دەل ۋاقتىدا تىكىلگەن بولىدۇ. ئەگەر تىكىلىدىغان كۆچەتلەر بىخلىنىپ، يوپۇرماق چىقىرىش ھالىتىگە كېپقالغان بولسا، تىكىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنى قىرقىۋېتىپ، بىرقانچە قېتىم تۈۋىگە سۇ قۇيغاندىن كېيىن،

تۆۋنى يېنىك يۇمشىتىپ يىلتىزىغا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

يۇقىرىقى كۆچەت تىكىش رەت تەرتىپى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىغا باب كېلىدۇ.

## 3. مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكارلىتىپ زىچ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەت ۋە رايونلار بۇ تېخنىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ ئۆز جايلىرىدا كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئېلىمىزدە بولسا بۇ تېخنىكىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا، بۇخىل يېڭى تېخنىكا قىسمەن جايلاردا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن، ھەممە جايلاردا تېخى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلمىدى.

بۇ تۈرنى يولغا قويغان جايلارنىڭ سىناق تەجرىبىلىرىگە قارىغاندا، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بويىنى پاكارلىتىپ زىچ ئۆستۈرۈشنىڭ تۆرغۇن ئەۋزەللىكلىرى بار.

1) مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. دەرەخلەر

ھەر يىلى غول قىسمىدىن شاخلىرىغىچە كېسىپ ۋە چاتاپ تۇرۇلغانلىقتىن، پاكارلاشتۇرۇلغان قىسمىدىكى غولىنىڭ ئەتراپىدىكى مېۋە شېخىدىن چېچەكلەپ تولۇق ۋە چوڭ مېۋىلەيدۇ. سۈپىتى ۋە تەمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ.

2) مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ. گەرچە دەرەخلەر پاكارلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا رەت - تۇپ ئارىلىقى زىچ تىكىلگەنلىكتىن، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

3) كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچ- راش ئەھۋالى بىرقەدەر ئاز بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار تارقالسا يوقىتىش، تىزگىنلەش ئىش- لىرى ئاسان بولىدۇ.

4) مېۋىلەرنى ئۈزۈش ۋە يىغىۋېلىش مەشغۇلاتلىرى ئاسانلىشىدۇ. دەل - دەرەخلەرنىڭ بويى پاكار بولغانلىق- تىن، مېۋىلەرنى قول بىلەن ئۈزۈپ يىغىۋېلىشقىمۇ قۇلاي- لىق.

5) مېۋە سورتلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى- نى ئالغىلى بولىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرەخ قې- رىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ھەر يىلى چاتاش، پەر- ۋىش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، دەرەخنىڭ ئۆمە- رىنى ئۇزارتىپ، سورتلارنىڭ ئەسلىي نەسلىنى ساقلاپ قال- غىلى بولىدۇ.

6) تۇرلۇك پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا قۇلايلىق بو- لىدۇ. دەرەخلەر پاكارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇلغانلىقتىن، تۇ-

ۋنى بوشىتىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، دورا چېچىش قاتارلىق مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

7) مېۋىلىك باغلاردىكى ئېتىزلارغا پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق زىرائەتلەرنى تېرىپ، باغنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكارلاشتۇرۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

يېڭىدىن مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتىن ئىلگىرى ئەھۋالغا قاراپ پاكارلاشتۇرۇپ، زىچ ئۆستۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى باشلاش لازىم. مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكارلاشتۇرۇشتا، كۆچەتنىڭ ئاساسىي غولى يەردىن 1 مېتىر كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇچى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ يېڭى شاخ چىقىرىشىغا شارائىت يارىتىلىدۇ. ئاساسىي شاخلارنىڭ بويىغا ئۆسۈپ كېتىشى قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ. ئەگەر بويىغا ئۆسۈپ كەتسە، ۋاقتىدا ئۇچىنى ياندۇرۇپ، غول قىسمىدا مېۋە شېخى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بويى پاكار بولۇپ، دەرەخ ئېگىزلىكى 1.20 — 1.50 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. دەرەخنىڭ ئۇچى ياندۇرۇپ تۇرۇلغانلىقتىن، غولدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار يان تەرەپكە شاخلاپ، تەكشى ئۆسكەچكە، بىر - بىرىگە چۈشىدىغان كۈن نۇرىنى توسۇۋالمايدۇ. بۇ دەرەخلەرنىڭ كۈن نۇرى بىلەن ئۇچرىشىش كۆلىمى

چوڭ، ۋاقتى ئۇزاق بولغاچقا، قۇياش نۇرىدىن تولۇق پايدى-
لىنىپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ فوتوسىنتېزلىق پائالىيىتى كۈ-
چىيىپ، يىلتىزى ئارقىلىق دەرەخ تېنىنى يېتەرلىك سۇ
ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، پاكارلاشتۇرۇلغان مېۋى-
لىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ناھايىتى تەرەققىي
قىلغان بولۇپ، تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈش
ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ مېۋە
بېرىشى بالدۇر، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، مېۋە سۈپى-
تى ياخشى بولىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنى زىچ ئۆستۈرۈش
مەسىلىسىگە كەلسەك، پاكارلاشتۇرۇپ زىچ ئۆستۈرۈشكە
باب كېلىدىغان شۇ خىلدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەسلى-
دىكى ئۆسۈش ئەھۋالى، دەرەخ تاجى، يورۇقلۇققا بولغان
تەلىپى، چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش خۇسۇسىيىتى، تۇپراق،
ھاۋا شارائىتى ۋە شۇ دەرەخنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈشى-
نى نەزەردە تۇتۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش
لازىم. ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، شاپتۇل، بېھى، بادام،
گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكارلاشتۇرۇپ زىچ
ئۆستۈرۈشكە توغرا كەلگەندە رەت (قۇر) ئارىلىقى 2.5
مېتىردىن، تۈپ ئارىلىقى 1.5 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەس-
لىكى لازىم. ياڭاق دەرىخىگە نىسبەتەن، ئۆلچەم ئۇنىڭدىن
سەل كەڭرەك بولسىمۇ بولىدۇ.

## 4. ئانارلىق باغ بىنا قىلىش

### 1. ئانارلىق باغ بىنا قىلىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن جايلار ئانار ئاسا-

لىق ئۆستۈرۈلىدىغان گۇما، خوتەن ناھىيىسى، چىرا قا-
تارلىق ناھىيىلەردىن ئانار كۆچىتى يۆتكەپ كېلىپ تىككەن
بولسىمۇ، لېكىن ئانارلىق باغ بىنا قىلىش جەريانىدا تېخ-
نىكىلىق تەلەپلەر بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلمىغان
ياكى ئانار ئۆستۈرۈشكە ئائىت تېخنىكىلىق بىلىملىرى
كەمچىل بولغانلىقتىن، تىككەن ئانار كۆچەتلىرىنىڭ ئەي
بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولماقتا. ئەي بولغان تەقدىردىمۇ
كېچىكىپ مېۋە بەرمەكتە. شۇڭا، ئانارلىق باغلارنى تېخ-
نىكىلىق تەلەپ بويىچە بىنا قىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتى
ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئانارلىق باغ بىنا قىلىش-
تىكى بەزى تەدبىرلەرنى تونۇشتۇرىمەن.

**1. يەر تاللاش ۋە پىلانلاش:** يەر تاللاشتا بىر تۇتاش
پىلانلاش پرىنسىپى بويىچە يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى،
تەبىئىي شارائىتى، باغنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، ئىقتى-
سادىي ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى، تولۇق ئويلىشىپ، ئاندىن يەر
تاللاش كېرەك. شۇڭا، باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن ھاۋا ئۆت-
كۈزۈشچانلىقى ياخشى بولغان قۇم تۇپراق، قۇمساڭ چى-
رىندى تۇپراق، قۇم ئارىلاش مۇنبەت تۇپراق ياكى لاتقىلىق
چىرىندى تۇپراقلىق جايلاردىن كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدى-
غان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، يەر شەكلى تەكشى، سۇ-
غىرىشقا قۇلايلىق يەرلەرنى تاللاش كېرەك. ئانارلىق باغ
بىنا قىلىنىدىغان يەر ئورنى تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن باغ
كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن بۆلەكلەرگە
ئايرىپ، ئورمان بەلۋېغى، يول، ئېرىق قاتارلىقلارنى ئو-
مۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

2. كۆچەت تاللاش ۋە تىكىش مەزگىلى: كۆچەت سۈپە-تىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى تىكىلگەن كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، ئۆسۈ-شىنىڭ تېز- ئاستا بولۇشى، مېۋىگە كىرىشىنىڭ بالدۇر-كېيىن بولۇشى مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئانارلىق باغ بىنا قىلىشتا 2 — 3 يىللىق ساغلام، بويى ئېگىز، غولى توم، سۈپىتى ياخشى بولغان كۆچەتلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. ئانارلىق باغ بىنا قىلىشتا ئانار كۆچىتىنى تىكىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسىدا هەرقايسى رايونلار ئارا چوڭ پەرق بولمىغانلىقتىن، بۇ جايلاردا ئاساسەن 3-ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تىكسە بولىدۇ، يەنى كۆچەتلەرنى بىخ چىقىرىش-تىن ئىلگىرى يۆتكەپ كېلىپ تىكىپ بولۇش لازىم. ئانار كۆچىتىنى كۈزدە تىكىشكىمۇ، ئەتىيازدا تىكىشكىمۇ بولى-دۇ.

3. كۆچەت قومۇرۇش ۋە يۆتكەش: كۆچۈرۈپ تىكىلى-دىغان كۆچەتلەرنى قومۇرۇش ئانارلىق باغ بىنا قىلىشتا سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى، كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، مېۋىگە كىرىش ۋاق-تى ۋە مەھسۇلاتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆچەتلەر-نى قومۇرۇش ۋە يۆتكەش جەريانىدا يىلتىزى زەخىملەنسە، شاخ، غولىنىڭ پوستى سويۇلۇپ كەتسە، شامالداپ سۇ-سىزلىنىپ يىلتىزى قۇرۇپ كەتسە، كۆچەتنى تىكىش سۇ-

پىتى قانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. 2 — 3 يىللىق بولغان ئانار كۆچىتىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى بىر-قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئوق يىلتىزى 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراققا ئىچكىرىلەپ كىرە-لەيدۇ، چاچما يىلتىزى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۇپراق يۈزىدىن 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇققا، 50 — 80 سانتىمېتىر يىراققا بارالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆچەتلەرنى قومۇرۇشتا كۆچەت ئەتراپىدىن دىئامېتىرى 50 — 70 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 50 — 60 سانتىمېتىر كېلىدى-غان ئورەك كولاپ، يىلتىزى ۋە چاچما يىلتىزلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق قومۇرۇش لازىم. شارائىت بولسا، قومۇرۇ-لىدىغان كۆچەتلەر بار جايغا ئالدىن سۇ قۇيۇلۇپ كېيىن كۆچەت قېزىۋېلىنسا ئەي بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

قېزىۋېلىنغان كۆچەتلەرنى ئۇدۇللۇق ئوراپ قاچىلاپ، ئۇدۇللۇق يۆتكەش، يۆتكەش جەريانىدا يىلتىزى شامالداپ قۇرۇپ قېلىشتىن ۋە زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. يۆتكەشتىن بۇرۇن ھەر 50 — 100 تۇپنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كارانتىن قى-لىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۆتكەشكە ئىجازەت قىلىش گۇۋاھنا-مىسىنى ئالغاندىن كېيىن يۆتكەش لازىم.

4. كۆچەت تىكىش: ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز بولۇپ، كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، شۇڭا تىكىش ۋاق-تىدا قۇر ۋە تۈپ ئارىلىقىنى كەڭرەك قويۇش لازىم.

جايلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، قۇر - تۈپ ئارىلىقى-
نى 5 × 5 مېتىر قىلىپ بىر مو يەرگە 27 تۈپ تىكىش،
5×6 مېتىر بويىچە بىر مو يەرگە 22 تۈپ ياكى5×8
مېتىر بويىچە بىر مو يەرگە 17 تۈپ كۆچەت تىكىلسە
زىچلىقى مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ. ئەڭ قويۇق تىكىگەندى-
مۇ تۈپ - قۇر ئارىلىقى 4 × 5 مېتىردىن زىچ بولۇپ
قالماسلىقى، بىر مو يەرگە تىكىلىدىغان كۆچەت سانى 33
تۈپتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئانار كۆچىتىنى تىكىشتە ئادەتتە ئېرىق ئوتتۇرىسىغا
ئورەك كولاپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئېرىقىنىڭ
يۆنىلىشى شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ كەڭلىكى
0.60 — 0.80 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى0.50 — 0.60
مېتىر ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق. ھەربىر ئورەككە كۆچەت
تىكىپ قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈپ چىڭداپ، ئېرىق بويىچە
قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. 5 — 6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
نەم توپا بىلەن شاخلىرى كۆرۈنۈپ قالمىغۇدەك نېپىز كۆ-
مۈلىدۇ. 5- ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن كۆمۈكتىن
ئېچىلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا سۇغىرىلسا كۆچەتلەر پۈتۈنلەي
سېسىپ كېتىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي سۇ كىرىپ كەتكەن
بولسا كۆچەتلەرنى دەرھال ئېچىپ 4 — 5 كۈن شامالدى-
تىپ، ئاندىن قايتا قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك،
ھۆل توپا بىلەن كۆمۈشكە بولمايدۇ.

قۇرغاق، سۇ قىس رايونلاردا ئېرىق ئېچىپ كۆچەت
تىككەندە سۇنى تېجىگىلى ، كۆمۈشكە قولايلىق ياراتقىلى
بولىدۇ. تىكىلگەن كۆچەتلەر ئەي بولغاندىن كېيىن، ئې-

-رىق تىندۇرۇلۇپ، ئىپتىزلار بويىچە سۇغىرىلىدىغان بول-
غانلىقتىن ئىرىقنى بەك كەڭ، چوڭقۇر كولىماسلىق
لازىم. ئەگەر بۇغدايلىققا، كېۋەزلىككە ئانار كۆچىتى تى-
كىش پىلانلانغان بولسا، ئالدى بىلەن رەت ئارىلىقىنى
مۇقىملاپ ئېرىق ئالغاندىن كېيىن، ئورەككە تىكىپ، پەر-
ۋىش قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئانار كۆچەتلىرى يۇقى-
-رىقىدەك تېخنىكىلىق تەلەپلەر بويىچە تىكىلىپ باغ بىنا
قىلىنسا ۋە ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، كۆچەتلەرنىڭ ئەي
بولۇش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز، مېۋىگە
كىرىشى بالدۇر، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئانار دەرىخىنىڭ هوسۇلىنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى

ئانار دەرىخى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان، كۆپ هوسۇل
بېرىدىغان، مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئىقتى-
-سادىي قىممىتى يۇقىرى، شىپالىق رولى كۆرۈنەرلىك بول-
غان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ هوسۇلىنى يەنىمۇ
ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەد-
بىرلەرنى قوللىنىش لازىم:

1) ئانار دەرىخىنى ئېچىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگى-
لەش لازىم. بۇ، ئانار دەرىخىنىڭ هوسۇلىغا تەسىر كۆر-
سىتىدىغان مۇهىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەگەر ئانار دەرىخى
بەك بالدۇر ئېچىۋېتىلسە، دەرەخنىڭ ئۈچ قىسمىدىكى يۇم-
-ران شاخلىرى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدىكى مېۋە شاخلىرى

ئەتىياز پەسلىدىكى سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىدە ئوڭايلا ئۈششۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئانار دەرىخى كۆمۈلگەندىن كېيىن، قار يېغىش، قىرو چۈشۈش سەۋەبىدىن يەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى توڭلايدۇ. ئەمما، ئىچكى قىسمىدا ھاۋا ئۆتۈشمىگەنلىكتىن، يەر ئاستى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەر ئۈستىدىكى تېمپېراتۇرىغا قارىغاندا بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئانار دەرىخى خۇددى سۇلياۋ پارنىك ئىچىدىكىدەك تۇرىدۇ. ئەگەر بالدۇر ئېچىپ قويۇلسا، يەر ئاستى تېمپېراتۇرىسى بىلەن يەر ئۈستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ماس كەلمەي، ئانار دەرىخى ئۈششۈپ قۇرۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئانار دەرىخى ئېچىش مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن توپا ئاستىدا تۇرۇپ بىخلىنىپ قالىدۇ - دە، ئېچىش ۋاقتىدىكى سىلكىنىش تۈپەيلىدىن يۇمران بىخلىرى ئوڭايلا چۈشۈپ كېتىپ قايتىدىن بىخلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېۋە شاخلىرىنىڭ يوپۇرماق چىقىرىش، چېچەكلەش مەزگىلى كېچىكىپ، شۇ يىللىق ھوسۇلغا ۋە مېۋىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، مېۋىگە كىرگەن كۆپ يىللىق تۈپلەرنى 3- ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېچىش لازىم. ئەگەر بۇ مەزگىلدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسا، تېمپېراتۇرا مۇقىملىشىپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئېچىش، ئەڭ كېچىككەندە 4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن بۇرۇن ئېچىپ بولۇش كېرەك. ئالدىنقى يىلى كۈزدە ياكى شۇ يىلى ئەتىيازدا يېڭىدىن تىكىلگەن ئانار دەرەخلىرى 5- ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن كېيىن ئېچىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

2) ئانار دەرىخىنى ئاچقاندىن كېيىن، ياۋا شاخلىرى-نى چاتاپ پەرۋىش قىلىش لازىم. ئانار دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ياكى غولىدىن ئۆسۈپ چىققان يېڭى نوتىلىرى بىر يىل ئىچىدە 1 — 1.5 مېتىر ئۆسىدۇ. ئۇ تىك يۆنىلىشتە ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ غولى يۇمران ۋە تىكەنلىك بولۇپ، ئادەتتە هارام شاخ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىرنەچچە يىلغىچە مېۋە بەرمەيدۇ، مېۋە شاخلىرىنىڭ چېچەكلەپ مې-ۋە بېرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئانار دەرىخىنى ئاچقان هامان ياۋا شاخلارنى چاتىۋېتىپ، مېۋە شاخلىرىنىلا قالدۇرۇش لازىم.

3) ئانار دەرىخىنى سۇغىرىش مەزگىلىنى توغرا ئىگى-لەش كېرەك. مېۋىگە كىرگەن چوڭ ئانار دەرەخلىرى سۇنى كۆپ خالىمايدۇ. شۇڭا، بىر يىلدا ئۈچ قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ، ئانار دەرىخىنىڭ كۆپ ياكى ئاز ھوسۇل بېرىشىگە، مېۋىسىنىڭ سۇپەتلىك ياكى سۇپەتسىز بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئانار دەرىخى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ چېچەكلەشكە باشلايدۇ. چېچەكلەشتىن بۇرۇن، يەنى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەرەخ تۈۋىدىن 50 — 70 سانتىمې-تىر يىراقلىقتا يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئورەك كولاپ مەھەللى-ۋى ئوغۇت بىلەن بىر قېتىم ئوغۇتلاپ، ئاندىن قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. بۇ، ئانار دەرىخىنىڭ كۆپ چېچەكلى-شىگە، ئانلىق گۈللىرىنىڭ مۇكەممەل ئۇرۇق ھاسىل قىلىپ، بىهۇدە تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكىگە پايدىلىق. 2- قې-تىملىق سۇغىرىش تۇپراق قۇرۇلمىسى ۋە ھاۋا تېمپېراتۇ-

رىسىغا ئاساسەن 5 ـ ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئايىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئانار دەرىخىنىڭ ئۈچ شاخلىرى ئۆسۈپ يېتىلىپ مېۋىسى چوڭىيىشقا باشلايدۇ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ فو- توسىنتېز رولى ئارقىلىق كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تېنىدىكى سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ. بۇ مەزگىلدە سۇغىرىش دەرەخنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائا- لىيىتىگە پايدىلىق. 3- قېتىملىق سۇغىرىش7- ئايىنىڭ باش- لىرىدىن 7- ئايىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئې- لىپ بېرىلىشى لازىم. چۈنكى، بۇ مەزگىل ئانار دەرىخى- نىڭ غول ـ شاخلىرىنىڭ ئۆسۈشى تېز، دەرەخ تەركىبىدى- كى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، مېۋىلەرنىڭ يېتىلىشى كۈچلۈك بولغان مەزگىل، بۇ مەزگىلدە ئانار دەرىخىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى كۆپرەك بولىدۇ. 4- قېتىملىق سۇغىرىش 8 ـ ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرى- غىچە بولغان مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئانارنىڭ مېۋىسى چوڭىيىشتىن توختاپ، پە- شىش باسقۇچىغا كىرىدۇ. بۇ چاغدا ئانارنىڭ مېۋە پوستىدا رەڭ پىگمېنتلىرى ھاسىل بولىدۇ. مېۋە تەركىبىدە قەنت، تۇرلۇك كىسلاتا، ماي، ئاقسىل، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار ھاسىل بولۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، سۇ ۋە كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت- لارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. 4 ـ قېتىملىق سۇغىرىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سۇغىرىشنى توختىتىش، بولۇپمۇ مېۋە پىشىۋاتقان ۋە پىشقان مەزگىلدە سۇغارماسلىق لازىم.

ئەگەر بۇ مەزگىلدە كۆپ سۇغىرىلسا، مېۋە پوستى ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ، يېرىلغان مېۋىلەردە ۋىرۇس كېسەللىكى يۈز بېرىپ، مېۋىلەرنىڭ سولىشىپ قېلىش، ھەتتا سېسىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر كەلكۈن ئاپىتى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ كىرىپ كەتسە، دەرەخ تۈۋىنى يۇمشىتىپ ھاۋا ئۆتكۈزۈش ياكى دەرەخ تۈۋىگە قۇرۇق قۇم تۆكۈپ نەملىكنى قاچۇرۇش لازىم. ئانارلىق باغلارغا 11- ئاينىڭ باشلىرىدا بىر قېتىم يېنىك توڭ ياتقۇزۇش، تۇپراقنىڭ نەملىك نىسبىتى نورماللاشقاندىن كېيىن، 11- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە كۆمۈش كېرەك.

4) دەرەخ تۈۋىگە مۇۋاپىق پەيتتە قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش لازىم. ئانارلىق باغلارنى ئوغۇتلاشتا ئوغۇتلاش مەزگىلى، ئوغۇت تۈرى، ئوغۇت مىقدارى، ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. مېۋىگە كىرگەن چوڭ ئانار دەرەخلىرى بىر يىلدا بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە قوشۇمچە ئوغۇتلانسا مۇۋاپىق بولىدۇ. 1 - قېتىمدا 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى 1- قېتىم سۇغىرىش مەزگىلىدە، 2- قېتىمدا 7- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى 3- قېتىملىق سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئوغۇت بېرىلىپ، كېيىن سۇغىرىلسا بولىدۇ. مېۋىگە كىرگەن ئانار دەرەخلىرىنى ئاساسەن ئات، كالا، قوي قىغى، كۈنجۈرە ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايافلىرى بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى ئاز ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتە مېۋىگە كىرگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دەرەخلەرنىڭ ھەربىر تۈپىگە

ئورگانىك ئوغۇتتىن 15 — 20 كىلوگرام، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 100 — 150 گرام، چوڭ دەرەخلەرگە ئورگانىك ئوغۇتتىن 20 — 25 كىلوگرام، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 150 — 200 گرام بېرىش لازىم. 2. قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندە ئورگانىك ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتمەسلىك لازىم.

5) تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق كونا ئانارلىق باغلارنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئانار دەرىخى ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ، ھوسۇلىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىنمىسا ياكى تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ كەتسە، دەرەخنىڭ ئۆمرى قىسقىرىدۇ، ھوسۇلى ئازىيىپ، سۈپىتى ناچارلىشىدۇ. شۇڭا، تۇپلەرنىڭ تۆۋىنى يۇمشىتىپ، ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقى، كۇنجۇرە قاتارلىق ئوغۇتلارغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، دەرەخنىڭ ئەتراپىغا كۆمۈش ئارقىلىق تۇپراقنى قۇۋۋەتلەندۇرۇپ، يېڭى تۇپلەرنى يېتىشتۇرۇش لازىم. بۇ تۆۋەن ھوسۇللۇق كونا ئانارلىق باغلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

### 3. ئانار بىلەن چىلاننى كىرىشتۈرۈپ تىكىشنىڭ پايدىسى

باغدىن ئۈنۈمىرسال پايدىلىنىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ھەربىر ئائىلە، ھەربىر كەنت ۋە ھەربىر يېزىنىڭ باغۋەنچىلىك ئارقىلىق بېيىش ئىستراتېگىيىسىنى

ئەملىگە ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئانار بىلەن چىلاننى كىرىشتۇرۇپ تىكىپ ستېرېئولۇق باغ بىنا قىلغاندا باغۋەنچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە مېۋىلىك باغلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئانار پاكار ئۆسىدىغان كۆپ شاخلىق چاتقال بولۇپ، كۆمۈش ئارقىلىق قىشتىن چىقىرىلىدۇ. ئۇ مۇنبەت تۇپراق ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرلەردە ياخشى ئۆسىدۇ. يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنى خالايدۇ. دەرەخ تاجى كىچىك، شاخلىرى يانغا ئېگىلىپ ئۆسىدۇ، سايىسى كىچىك، سۇنى كۆپ تەلەپ قىلمايدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق.

چىلان (سورتلۇق چىلان) ئېگىز ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق دەرەخ بولۇپ، مۇنبەت تۇپراق ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەردە ياخشى ئۆسىدۇ. يورۇقلۇققا ۋە ئىسسىقلىققا موھتاج، كۆپىنچە ھاللاردا تىك ئۆسىدۇ، دەرەخ تاجى كىچىك، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھال، يەرگە كۆپ سايە تاشلىمايدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق. بۇ ئىككى خىل دەرەخنىڭ تۇپراققا ماسلىشىشچانلىقى، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىققا بولغان تەلىپى، قۇرغاقچىلىققا چىداملىقلىقى ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا كىرىشتۇرۇپ باغ بىنا قىلغاندا بىر - بىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، قۇر ئارىلىقىنى مۇۋاپىق ھالدا كەڭرەك قىلىپ تىككەندە (بىر-بىرىگە سايە تاشلاش ۋە ئانار دەرىخىنى كۆمۈشكە بولغان تەسىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ) دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش، مېۋىلەش ئەھۋالى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

بىر مو يەرگە تۈپ ـ قۇر ئارىلىقىنى 5 × 6مېتىر قىلىپ تىككەندە 22 تۈپتىن، 5 × 8 مېتىر قىلىپ تىككەندە 17 تۈپتىن كۆچەت تىكىلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا بىر مو يەرگە 11 تۈپ ئانار، 11 تۈپ چىلان ياكى 5 .8 تۈپ ئانار، 5 .8 تۈپ چىلان كۆچىتى تىكىلىدۇ. كىرىشتۈرۈپ تىكىلىدىغان دەرەخلەر بىر رەت ئانار، بىر رەت چىلان بويىچە قۇر (رەت) ئارىلىقى ئوخشاشلا 6 مېتىر، 7 مېتىر ياكى ئەڭ كەڭ بولغاندا 8 مېتىر، تۈپ ئارىلىقى ئوخشاشلا 5 مېتىر بويىچە تىكىلىدۇ. تىكىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئىسسىقلىققا ۋە يورۇقلۇققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قۇر ـ تۈپلەرنى غىش شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش، رەت بىلەن رەت ئارىلىقىدىكى دەرەخلەرنى ئۆزئارا قارىمۇقارشى تىكمەسلىك كېرەك. ئانار كۆچىتىنى تىككەندىن كېيىن قايتا كۆمۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، باغقا چوقۇم 1.5 مېتىر كەڭلىكتە ئورەك ئېلىپ، ئورەك ئىچىگە تىكىش كېرەك. بەزى ئورۇنلارنىڭ ئانار بىلەن چىلاننى كىرىشتۈرۈپ تىكىش تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ئانار بىلەن چىلان تەڭ نىسبەتتە كىرىشتۈرۈپ تىكىلگەن بىر مو يەرنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم تىكىلگەن بىر مو يەرنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدىن 25 — 30% كىچە كۆپ بولغان. ئىسپاتلىنىشچە، تىكىلگىنىگە 8 — 10 يىل بولغان بىر مو يەردىكى ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخ (22 تۈپ) نىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات كىرىمى (دەرەخ ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تىككەن زىرائەت بۇنىڭ سىرتىدا) 4500 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولۇپ، ھەربىر تۈپ دە-

رەخكە 222 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

## 5. ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر كۆچىتىنى قايسى مەزگىلدە تىكىش كېرەك

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر دەرەخلىرى كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، ئۈششۈككە، تۆۋەن گرادۇسلۇق سوغۇق تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى كۈزدە تىكسمۇ، ئەتىيازدا تىكسمۇ ئوخشاشلا كۆكلەۋېرىدۇ. لېكىن، كۆكلەش ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۈزۈم تېلى مەيلى سالا ئېتىزلارغا، مەيلى ھويلا - ئارام، يول، ئۆستەڭ بويلىرىغا تىكىلسۇن ھامان باراڭغا ئالمىسا بولمايدۇ. كۈز پەسلىدە چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قىشتىن چىقارمىسا يۇمران نوتىلىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ. كۆمۈش جەريانىدا ئەتراپىدىن توپا ئېلىشقا ئەپسىز بولىدىغانلىقى ۋە باراڭ ئاستىغا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغانلىقى ئۈچۈن تاللىق ئارىسىغا تېرىلمايدۇ. ئۈزۈم تېلىنى كۈز پەسلىدە تىكىپ توڭ ياتقۇزۇپ كۆمگەندىن كېيىن، تاكى كېلەر يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۇپراق ئاستىدا خاتىرجەم «ئۇخلايدۇ» . ئۇيقۇ مەزگىلىدە سۇغىرىلمايدىغانلىقى، ئەتىياز پەسلىدە ئەتراپىغا زىرائەت تېرىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن قايتا ئېچىپ، قايتا كۆمۈش ھاجەتسىز. شۇڭا، ئەڭ ياخشى

ئۇسۇل — تالنى كەچ كۈزدە (11- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا) تىكىپ ئوبدان توڭ ياتقۇزغاندىن كېيىن، نەم توپا بىلەن قىلىن كۆمۈپ، كېلەر يىلى 5- ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن كۆمۈكتىن ئاچقاندا، ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتى ئەتىيازدا تىككەنگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولىدۇ.

ئانار ياغاچ غولluq چاتقال دەرەخ بولۇپ، بويى پاكار، غوللىرى كۆپ، شېخى قويۇق، نوتىلىرى ئەۋرىشىم، يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان مېۋە شاخلىرىنىڭ پوستى نېپىز بولۇپ، ھەر يىلى كۆمۈپ قىشتىن چىقارمىسا ئۈششۈپ قۇرۇپ كېتىدۇ. ئانار كۆچىتى كۆپ ھاللاردا كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىغا، ئەتىيازدا كېۋەز، قوناق، قوغۇنتاۋۇز، كۆكتات ئېتىزلىرىغا تىكىلگەنلىكتىن، قىش ۋە ئەتىيازدا ئەتراپىقا تېرىلغان باشقا زىرائەت ۋە بۇغدايلارنى تەكرار سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. سۇغارغاندا كۆچەتلەرنى قايتا ئېچىپ، سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن قايتا كۆممىسە بولمايدۇ، ھەتتا 11- ئايدا تىككەندىن تارتىپ 5- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 2 — 3 قېتىم ئېچىپ كۆمۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر كۆچەتنى ئاچمايلا زىرائەتلەرنى سۇغىرىۋەرسە ياكى كۆچەتنى ئاچسىمۇ سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن قايتا كۆممىسە كۆچەتلەر ئۈششۈپ قۇرۇپ كېتىپ، نۇرغۇن مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى ئىسراپ بولىدۇ. شۇڭا، تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ كۆكلەش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ ئانارلىق باغلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، ئانار كۆچىتىنى ئەتىيازدا زىرائەت ئارىسىدىن 2 مېتىر كەڭلىكتە يەر تەييارلاپ تىكىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، كۆمۈلگەن كۆچەتلەرگە

سۇ كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، كۆچەتنى ئېچىپ قايتا كۆمۈشتەك ئاۋارىچىلىكتىن ساقلانغىلى، كۆكلەش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەنجۈر ئېگىز ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، كۆمۈپ قىشتىن چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلەمچىسىدىن ئۆستۈرۈلگەن يۇمران شاخلىرىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، سوغۇققا چىدامسىز، ئەنجۈر كۆچىتى تىكىلگەندىن تارتىپ يىلدىن - يىلغا باراقسان ئۆسكەنلىكتىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاخلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئاستىغا سايە تاشلايدۇ. شۇڭا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئارىسىغا زىرائەت تېرىلمايدۇ. ئەنجۈر كۆچىتىنىڭ ئىچى كاۋاك، غولى چۈرۈك بولۇپ، كۈزدە بالدۇر توڭلايدۇ.

غول - شاخلىرىنىڭ قوۋزىقى نېپىز بولغانلىقتىن كۈز پەسلىدە كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىنسا، توڭ ياتقۇزۇلۇپ كۆمۈپ بولغۇچە ئۈچ شاخلىرى ئاسانلا توڭلاپ، كۆمگەندە سۇنۇپ كېتىدۇ ھەم 6 — 7 ئاي تۇپراق ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتسا يۇمران غوللىرى ھوردىلىپ قارىداپ قالىدۇ. ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندا ئاسانلا قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئەنجۈر كۆچىتىنى ئەتىياز پەسلىدە3- ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تىكىپ، سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن نەم توپا بىلەن نېپىز كۆمۈپ، 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىش لازىم.

## 6. پىشمىغان ياڭاقنى ئالدىراپ قاقماسلىق كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر،

ناھىيە، يېزا - بازارلاردا 7- ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 8- ئاينىڭ باشلىرىدىلا پىشمىغان ياڭاقنى قېقىپ بالدۇر يىغىۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەنلىكتىن، ياڭاقنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتتى، ھەتتا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى بازارلىرىدا ۋە خەلقئارا بازارلاردا خوتەن ياڭىقىنىڭ رىقابەت كۈچى ئاجىزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يېزا كادىرلىرى ۋە ئاممىغا بولغان تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پىشمىغان ياڭاقنى مۇددەتتىن بۇرۇن قېقىپ يىغىۋېلىش ئەھۋاللىرىنى توسۇش لازىم.

پىشمىغان ياڭاقنى بالدۇر قېقىپ يىغىۋېلىشنىڭ زىيىنى:

1) ياڭاق پوستىدىكى تالا ماددىسى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن، پوستى شاكىلىدىن ئوڭايلىقچە ئاجرىمايدۇ. نەتىجىدە ئۇنى سىيستىش ياكى پىچاق ئارقىلىق ئاقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ياڭاقنىڭ شاكىلى قارىداپ مېۋىسىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىپ، باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

2) ياڭاقنى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن مېغىزى شالاقلايدۇ، نەتىجىدە خېرىدارلار «مېغىزى پۇچەك ياڭاقكەن» دەپ قارايدۇ.

3) مېغىزىنىڭ ماي چىقىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. تەركىبىدىكى ئاقسىل، قەنت، كالتىـ

سىي، فوسفور، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار تو-
لۇق پىشىپ يېتىلگەن ياڭاقنىڭ مېغىزىغا سىڭىشتۇرغاندا
كەمچىل بولىدۇ، ئوزۇقلۇق تەركىبى كەمچىل بولغانلىق-
تىن، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە بېرىدىغان ئىسسىقلىق كالورى-
يىسىمۇ ئاجىز بولىدۇ.

4) مىللىي ۋە جۇغپى تېبابەتچىلىكتە تولۇق پىشمى-
غان ياڭاقنىڭ مېغىزى ياكى يېغى دورا ئورنىدا ئىشلىتىل-
سە، دورىلارنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

5) پىشمىغان ياڭاق مېغىزىدىن ياغ چىقىش نىسبىتى
تۆۋەن بولۇپ، بۇنداق ياغ سانائەتتە ئىشلىتىلسە، ئىشلەپ-
چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى، تەمى ناچار بولۇپ
قالىدۇ.

6) مېغىزى تولۇق پىشمىغان ياڭاقنى قۇرۇتقاندىن
كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى بازارلىرىغا ۋە خەلقئارا
بازارلارغا كىرگۈزۈلسە، بۇنداق مەھسۇلات خېرىدارلارنىڭ
نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. سودا رىقابىتىدە پاسسىپ ھا-
لەت شەكىللىنىدۇ. ياڭاق ئىشلەپچىقارغان ئورۇننىڭ ئىنا-
ۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. مەھسۇلات بېسىلىپ قېلىپ باھاسى
تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، نەتىجىدە زور ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ
چىقىدۇ. شۇڭا، ياڭاق ئىشلەپچىقىرىدىغان كوللېكتىپ ۋە
شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە
تۇتۇپ، ياڭاق تولۇق پىشقاندىن كېيىن قېقىپ يىغىۋېلىش
كېرەك، شۇنداقلا ياڭاقنى پوستىدىن ئاجراتقاندىن كېيىن،
ۋاقتىدا پاكىز يۇيۇپ، ئاپتاپقا يېيىپ، تولۇق قۇرۇتۇپ،
ئاندىن قاچىلاپ يۆتكەش كېرەك.

# II باب مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلى-رىنى يېتىشتۈرۈش

## 1. سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىش-تۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرگە سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆ-چەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن ئورۇنلار كۆچەت يېتىشتۈرۈش جەريانىدىكى مەشغۇلات تەرتىپى ۋە تېخنىكا - تەدبىرلىرىگە سەل قارىغانلىقتىن، كۆڭۈلدىكى-دەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يەرگە سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇلى بولۇپ، قايسى ئۇسۇلنى قوللانغاندا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئوي-لىشىپ كۆرۈش كېرەك. يەرگە سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە تۇپراق قۇرۇلمىسى، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى، سۇغىرىش شارائىتى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش

ئەھۋالى، شاكاللىق ئۇرۇق ياكى ساپ مېغىز تېرىلىدىغان-لىقى، مېۋىلىك دەرەخ ياكى مېۋىسىز دەرەخ قەلەمچىسى تىكىلىدىغانلىقى، ئالدىنقى يىلى شۇ يەرگە قانداق زىرائەت تېرىلغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئاندىن قايسى ئۇسۇلدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، قانداق ئۇ-سۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرىدىغانلىقىنى بەلگىلەش كېرەك.

يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، تۆۋەندە ئىككى خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1. يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، ئاندىن ئۇرۇق تېرىش

1) يەرگە بولغان تەلەپ. بۇ ئۇسۇل بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان يەرنىڭ تۇپراق قۇرۇلمىسى ياخشى، مۇنبەت يەر بولۇشى كېرەك. ھەر 667 كۋادرات مېتىر يەرگە 30 — 50 تاغارغىچە سۇپەتلىك قوي قىغى تۆكۈپ، يۇمشاق ۋە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلىگەندىن كې-يىن قاندۇرۇپ سۇغىرىش لازىم. 4 — 5 كۈندىن كېيىن قايتا ئاغدۇرۇپ، دېزىنفېكسىيە قىلىش دورىلىرىنى چې-چىپ، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، تۈز-لەپ، 0.5 — 1 مېتىر كەڭلىكتە چۆنەك ئېچىش لازىم. چۆنەكنىڭ ئۈستىنى تاماقنىڭ كەينى بىلەن تەكشى تۈز-لەپ، ئىككى تەرىپىنى دەسسەپ چىڭدىغاندىن كېيىن، چۆ-نەكنىڭ ئۈستىدىن تانابنىڭ ئىچ تەرىپىنى 10 — 12 سانتى-مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تەكشى قىرىش كېرەك.

2) سۆلياۋ يوپۇق يېپىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ. چۆ-
نەكنىڭ كەڭ - تارلىق ئەھۋالىغا قاراپ، شۇنىڭغا باب
كېلىدىغان (70 — 120 سانتىمېتىر) كەڭلىكتىكى سۆل-
ياۋ يوپۇق يېپىش لازىم. سۆلياۋ يوپۇقنى ياپقاندا ئۇزۇن
ۋە كەڭلىك تەرىپىگە تەكشى تارتىلىشى، ئوتتۇرىسى خالتا
بولۇپ قېلىشتىن، يىرتىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كې-
رەك. سۆلياۋنىڭ ئىككى يان تەرىپى 10 — 12 سانتىمې-
تىر قېلىنلىقتا كۆمۈلگەندىن كېيىن دەسسەپ، چىڭداپ
شامال ئۇچۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3) ئۇرۇق تېرىش ۋاقتىغا بولغان تەلەپ. ئۇرۇق
تېرىش 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە بولغان
ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمما،
تېرىلىدىغان ھەرخىل ئۇرۇقلارنىڭ بىخلىنىش نىسبىتى،
قۇرغاق ھاۋاغا ماسلىشىش تەلىپى، ئۈنۈپ چىقىش ئەھۋا-
لىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تېرىش ۋاقتىمۇ ئوخشاش
بولمايدۇ. مەسىلەن، بادام، شاپتۇل، ئۆرۈك ئۇرۇقلىرى
4- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە، ئالما، بېھى، ئامۇت ئۇرۇقلى-
رى 4- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە، ياڭاق ئۇرۇقى 4- ئاينىڭ
20- كۈنىگىچە، ئانار ئۇرۇقى، سورتلۇق چىلان مېغىزى
4- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە تېرىلسا، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ
چىقىشى تېز، ئۈنۈش نىسبىتى يۇقىرى، سىرتقى تەبىئىي
شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، مايسىلارنىڭ ئۆ-
سۈپ يېتىلىشى نورمال بولىدۇ.

4) ئۇرۇق تېرىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ. سۆلياۋ يو-
پۇق ئۇرۇق تېرىش مەزگىلىدە 8 — 10 كۈن بۇرۇن

يېپىلىشى كېرەك. بۇنىڭ تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلە-تىش، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇش، تۇپراقتىكى مى-نېرال ماددىلارنى پارچىلاش رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.
ئۇرۇق تېرىشتا، مەخسۇس تەييارلانغان تۆشۈك ئې-چىش سايمىنى ئىشلىتىش كېرەك. ھەر كاتەككە بىر تال-دىن ياڭاق ئۇرۇقى ياكى بىر تالدىن بادام، شاپتۇل، ئۆرۈك ئۇرۇقى، 2 تالدىن ئالما، چىلان ئۇرۇقى تېرىلىشى لازىم. بېھى، ياۋا ئامۇت، ئانار ئۇرۇقلىرىنى تېرىغاندا رەت ئارىلىقى 30 — 35 سانتىمېتىر، تۇپ ئارىلىقى 8 سانتىمېتىر بولۇشى، ئۇرۇقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستىنى نەم توپا بىلەن كۆمۈپ چىڭداپ قويۇش كېرەك.

## 2. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بولۇپ، ئاندىن قە-لەمچە تىكىش

بۇ ئۇسۇلدا قەلەمچە تىكىدىغان يەرلەرنى تەييارلاش 1-خىلدىكى يەر تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يەر ئالدى بىلەن ئوسا قىلىنىپ، ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈزلەپ، ئۆلچەم بويىچە چۆنەك ئېچىلىدۇ. چۆنەكنىڭ كەڭ-لىكى 50 سانتىمېتىر ياكى 1 مېتىر، ئېگىزلىكى10— 12 سانتىمېتىر بولىدۇ. چۆنەكنىڭ ئۇستى تەكشى تۈزلەنگەن-دىن كېيىن، ئىككى تەرىپى دەسسەپ چىڭدىلىدۇ. ئۇنىڭ-دىن كېيىن سۇلياۋ تەكشى يېپىلىپ، ئىككى يان تەرىپى كۆمۈلگەندىن كېيىن، دەسسەپ چىڭدىلىدۇ. ئاخىرىدا رەت ئارىلىقىنى مۇقىمداپ، تاناب بويىچە سۇلياۋنىڭ ئۇستىدىن قەلەمچە تىكىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئانار، جىگدە، تال،

ئەنجۈر، تېرەك، سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ قەلەمچىسىنى تى-كىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ. قەلەمچىنى تىكىپ، 5 — 6 كۈندىن كېيىن بىرقېتىم نېپىز سۇغىرىش لازىم. 3 — 4 كۈندىن كېيىن، قەلەمچىنىڭ تۈۋىنى دەسسەپ، چىڭداپ بىخ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قەلەم-چىنى تىككەندە بىر تال بىخنى سۇلياۋنىڭ ئۈستىگە چىقى-رىپ قويۇش كېرەك. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قايسى ئۇسۇلدا ئۆرۈق ياكى قەلەمچە تىكىلسۇن، سۇلياۋ بىردەك 6- ئاي-نىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئېلىۋېتىلسە بولىدۇ. بۇ مەز-گىلدە سۇغىرىش، يۇمشىتىش، ئوتاش، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش، هارام شاخلىرىنى پۇتاش، دورا چېچىپ كېسەل-لىك ۋە زىيانداش هاشاراتلارنى يوقىتىش قاتارلىق تەدبىر-لەرنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى-نى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## 2. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈ-رۈشتىكى سۈپەت ئۆلچىمى

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرى سۈ-پەتلىك، يۇقىرى هوسۇللۇق مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسى. ئۇ مېۋە سورتى ۋە مېۋە سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، هوسۇل مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى ۋە قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى بەلگى-

لەيدىغان مۇھىم ئامىل.

ئەلا سورتلۇق كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە كۆچەتلەرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) سورتى ئەلا بولۇش كېرەك. يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك كۆچەتلەر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىنغان، بېكىتىلگەن، مۇكاپاتلانغان ياكى ۋىلايەت (ئوبلاست) تەرىپىدىن ئۆز رايونىدا كېڭەيتىشكە بولىدۇ، دەپ قارالغان ئەلا سورتلاردىن بولۇشى كېرەك. بۇلار ياڭاق، بادام، پىستە، ئۆرۈك، ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر، چىلان، شاپتۇل، ئالما، گىلاسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) كۆچەتخانىدا ئۇلاپ يېتىشتۈرۈلگەن سورتلۇق كۆچەت بولۇشى لازىم. ئۇلاپ سورتى ياخشىلانمىغان كۆچەتلەرنى كۆچەتخانىدىن چىقارماسلىق لازىم. ئەگەر ئۇلانمىغان كۆچەتلەر باغ بىنا قىلىشقا ئىشلىتىلسە، كېيىن ئۇلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاش مەزگىلى 2 — 3 يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلىغان كۆچەتلەرنىڭ مەلۇم نىسبىتى كۆكلىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى كېيىن يەنە كۆچەت تىكىپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقتىن، باغدىكى دەرەخلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەكشى بولماي قالىدۇ. مېۋىگە كىرىشمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كۆچەتلەرنى ئالدى بىلەن ئۆز جايىدا ئۇلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆتكەپ ئىشلىتىش لازىم.

3) كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى ۋە دىئامېتىرى تەلەپكە

لايىق بولۇش لازىم. شۇ يىلى ئىشلىتىلىدىغان كۆچەتلەر 1.5 مېتىردىن ئېگىز، يىلتىز بوغۇمىنىڭ دىئامېتىرى 2 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئانار، ئۆرۈك، بادام، شاپتۇل، ئەنجۈر، چىلان، ئالما قاتارلىق كۆچەتلەرنىڭ يېشى 2 — 3 يىل، ياڭاق كۆچىتىنىڭ يېشى 3 يىلدىن يۇقىرى بولۇش كېرەك. ئېگىزلىكى 1.5 مېتىردىن تۆۋەن كۆچەتلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

4) ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن كۆچەت بولۇش كېرەك. شۇ يىلى ئىشلىتىلىدىغان كۆچەتلەر كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، چالداپ كەتمىگەن، مېخانىكىلىق زەربىگە ئۇچرىمىغان، هايۋانلار زىيان سالمىغان سۈپەتلىك كۆچەت بولۇش كېرەك.

5) تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىشتىن ئۆتكەن بولۇش لازىم. كۆچەتلەر قومۇرۇش، يۆتكەشتىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىشىدىن ئۆتكەن بولۇشى، كۆچەت يېتىشتۈرگۈچىلەردە كۆچەتنى كارانتىن قىلغانلىق ئىجازەتنامىسى، كۆچەت يۆتكىگۈچىلەردە كۆچەت يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىنغانلىق ئىجازەتنامىسى بولۇش كېرەك. كۆچەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاهنامە بولۇش لازىم.

6) كۆچەتلەرنى قومۇرۇش، قاچىلاش، يۆتكەش مەشغۇلاتى تەلەپكە لايىق بولۇش لازىم. كۆچەتلەر كارانتىن قىلىنىپ، سۈپىتى تەلەپكە لايىق بولغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، كۆچەتخانىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ. كۆچەتلەرنى قومۇرغاندا يىلتىزىنى تولۇق كولاپ قومۇرۇش، بىر ياق-

تىن ساناپ باغلاش، يىلتىزىنى ياخشى ئوراش، يۆتكىگەندە ماشىنا - تراكتورلارنىڭ كوزۇۋېغا ۋە كۆچەت ئۈستىگە بىرېزېنت يېپىپ شامال تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. يىلتىزى كېسىۋېتىلگەن، مېخانىكىلىق زەخىملە-نىشكە ئۇچرىغان، ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان ئۇششاق كۆچەت-لەرنى شاللىۋېتىش لازىم.

## 3. بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش-تىكى رولى

بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، چې-چىكى، مېۋىسىنى قۇرۇتۇپ، يانجىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تۇپراقنى دېزىنفېك-سىيە قىلىپ، تۇپراق قاتلىمىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا مەبلەغنى تېجەپ قالغىلى بولۇپلا قالماستىن، زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئۈنۈملۈك يوقى-تىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا، ئادەتتە تۆمۈر ( Ⅱ ) سولفات، ئاسوزىن، دىكسون، فورمالىن قاتارلىق خىمى-يىلىك دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇخىل دورىلارنىڭ باھاسى قىممەت، مۇھىتنى بۇلغىشى ئېغىر، تەڭشەپ ئىشلىتىش قىيىن، مەشغۇلات تەرتىپى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق چىقى-

مىنى كۆپەيتىۋەتكەندىن باشقا، مۇھىتقا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، تۇپراقنى بۇلغىمايدىغان، باھاسى ئەرزان، تەسىرى كۈچلۈك بىئولوگىيىلىك ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلىتىپ، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلغاندا، زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى، نۇرغۇن چىقىمنى تېجەپ قالغىلى، شۇنىڭدەك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ئابدىمىلىكنىڭ غول، يوپۇرماق، مېۋىسى تەركىبىدە (Ricinin) ئىنەكپىتى ئىشقارى، تەلۋەبېدىنىڭ يوپۇرماق، ئۇرۇقى تەركىبىدە سېلېن (Se)، كۆك بۇيىنىڭ غول، يوپۇرماق، ئۇرۇقى تەركىبىدە سۇپۇرامىن، بۇيا ئىشقارى، ئىتياڭىقىنىڭ يوپۇرماق، چېچەك، مېۋىسى تەركىبىدە ھوسيامىن، سۆگەتگۈلنىڭ يوپۇرماق، گۈلى تەركىبىدە ئوردوروزېد (odoroside)، تاماكىنىڭ غول، يوپۇرماق، چېچەك، ئۇرۇقى تەركىبىدە نېكوتىن، نېكوتېئىن، نېكوتېلىن، روتىن قاتارلىق كۆپ خىل ئالكالوئىد ۋە ئىشقار بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەم ئاچچىق، ھەم زەھەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۆسۈملۈك تېنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن پارچىلانغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ زەھىرى خېلى ئۇزاققىچە تەسىرىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول، يوپۇرماق، چېچەك، مېۋە، ئۇرۇقلىرىنى كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن، يانجىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈپ تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئىشلەتكەندە، تۇپراقتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شاپتۇل،

گۇلئەنبەر، بۇۋانە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق، گۇل ۋە ئۇرۇقلىرىنى تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بىر قىسىم زىرائەت ۋە مېۋە ئۇرۇقلىرى تۇپراق ئاس-تىدا بىخ ھالىتىدە تۇرغاندا ياكى بىخلىنىپ تۇپراق ئۇستى-گە چىققاندا، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زىرائەت ئۇرۇقى ۋە شاكىلىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان يالىڭاچ ئۇرۇقلارنى، مەسىلەن چىلان، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانار، ئالما، ياۋا ئامۇت قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇق، مېغىزلىرىنى زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەر چىلانغان ئىلمان سۇغا 5 — 6 سائەت چىلاپ، ئاندىن تېرىش لازىم. زەھەر-لىك ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان پاراشوكسىمان دورىلار-نى ئۇرۇق تېرىشتىن ئىلگىرى قۇر ئىچىگە ياكى چۆنەك ئۇستىگە تەكشى چېچىپ سۇلىياۋ يوپۇق يېپىلسا، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۇپراق ئاستىدىن زىيان سېلىشىنى كۆرۈ-نەرلىك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زەھەر-لىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول، يوپۇرماق، ئۇرۇق، مېۋىلى-رىنى يىغىۋېلىپ، قايىنىتىپ سوۋۇغان سۇيىنى سوپۇن پاراشوكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يۇمران كۆچەت ۋە گۇل-گىياھلارغا چاچسا، قىزىل ئۆمۈچۈك، كۆكپىت، قاسى-راقلىق قۇرت قاتارلىق تۇپراق ئۇستىدىكى زىيانداش ھاشا-راتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

# 4 . مېۋىلىك دەرەخ قەلەمچىسىنىڭ يىلتىز چىقىرىشىنى تېزلىتىش ئۇسۇللىرى

مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم تېلى، جىگدە، چىلان، ئۈجمە قاتارلىقلارنىڭ بىر يىللىق يۇمران نوتىلىرىنى تاللاپ قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن، مېۋىلىك دەرەخ قەلەمچىلىرىنىڭ يىلتىز تارتىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن، ئۆز ئىچىدىكى سورت قەلەمچىلىرىنىڭمۇ يىلتىز تارتىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ - نوتىلىرىدا ئوزۇقلۇق تولۇق، كراخمال قاتارلىق ئېرىشچان قەنتلەر كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق دەرەخلەردىن ئېلىنغان نوتىلارنىڭ قەلەمچىسى ئاسان يىلتىز تارتىدۇ. لېكىن، يەنە بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ - نوتىلىرى تەركىبىدە ھەر خىل پىگمېنت، پىكشىن ۋە ماي قاتارلىق ماددىلار بولغانلىقتىن، قەلەمچىلىرىنىڭ يىلتىز تارتىش ۋە ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن نوتا ئېلىپ تىكىلگەن قەلەمچىلەرنىڭ يىلتىز تارتىشى ۋە كۆكلەش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، مېۋىلىك دەرەخ قەلەمچىلىرىنى تاللاش ۋە تىكىش جەريانىدا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يىلتىز تارتىش ۋە بىخلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 1. قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنى ياخشى تال-
## لاش كېرەك

كېڭەيتىش تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان، سورتى ئەلا، سۈپىتى ياخشى بولغان دەرەخ تۈرلىرىنى تاللاش لازىم. تاللىنىدى-غان قەلەمچە نوتىلىرى ساغلام، تۈز ئۆسكەن، بوغۇم ئارى-لىقى قىسقا، ئۆزەك قىسمى كىچىك، بىخى تولۇق، پى-شىپ يېتىلگەن بىر يىللىق يۇمران نوتىلاردىن بولۇش لازىم.

## 2. قەلەمچىلەرنى تەلەپكە لايىق توغراش كې-
## رەك

بەزى قەلەمچىلەرنىڭ ئۇلۇ - تەتۈرىنى ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، قەلەمچە نوتىلىرىنى توغراشتا ئۇلۇ - تەتۈرىنى ئېنىق ئايرىپ، ھەر 100 تالنى بىر باغلام قىلىپ باغلاش كېرەك. ئادەتتە سۇلياۋ ياپماي ئوچۇقچى-لىقتا تىكىلىدىغان قەلەمچىلەر 18 — 20 سانتىمېتىر، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تىكىلىدىغان قەلەمچىلەر 16 — 18 سانتىمېتىر، پارنىك ئىچىگە تىكىلىدىغان قەلەمچىلەر 14 — 16 سانتىمېتىر، ئۈزۈم تېلى قەلەمچىسى 50 — 100 سانتىمېتىر ئەتراپىدا توغرالسا مۇۋاپىق بولى-دۇ. بىرخىل سورتتىكى قەلەمچىلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقى-لىقى ئوخشاش بولۇشى، قەلەمچىنىڭ ئاستى قىيى-پاش، ئۈچى بىخىقا 1 — 1.5 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ تۈز كېسىلىشى لازىم.

## 3 . قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتا ۋە شاخلارنى ساقلاش

ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم تېلى قاتارلىقلارنىڭ نوتىلىرى-نى كۈزدە كېسىپ ئورىدا توڭلىتىپ ساقلىسىمۇ ياكى ئەتىيازدا توپىدىن ئاچقاندىن كېيىن كېسىپ قەلەمچە قىلى-سىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۈزدە (11- ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە) كېسىپ، شۇ پېتى ئورەككە سېلىپ قۇم تۆكۈپ توڭلىتىپ، ئەتىيازدا (4- ئاينىڭ 10—20- كۈنلىرى) ئورىدىن ئېچىپ توغراپ قەلەمچە قىلسا، يىلتىز تارتىش ۋە بىخلىنىش نىسبىتى كۆرۈنەر-لىك يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى توڭلىتىلمىسا سېسىپ كېتىدۇ ياكى بالدۇر بىخ چىقىرىپ قالىدۇ. ئىمكانقەدەر قەلەمچىلەرنى ياخشى توڭلىتىپ، كېچىكتۈرۈپ (4- ئاي-نىڭ 10 — 20- كۈنلىرىگىچە) تىكسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

## 4 . قەلەمچىلەرنى سۇغا چىلاپ تىكىش لازىم

قەلەمچىلەرنى بىر ياقتىن توغراپ باغلاپ، بىر ياقتىن مەخسۇس تەييارلانغان كۆلچەك، ئورا، تۆڭ قاتارلىقلارغا سېلىپ پاكىز يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن 2 — 3 كۈن (ئاز دېگەندىمۇ بىر سوتكا) ئېقىن سۇ ياكى توختام سۇغا چىلا-پ، قەلەمچە تەركىبىدىكى ئۆسۈشنى چەكلىگۈچى ئاچچىق ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش لازىم. بۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان سۇ سۈزۈك، پاكىز بولۇشى، توختام سۇغا چىلانغاندا ھەر

كۈنى 1 — 2 قېتىم سۇنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

## 5. قەلەمچىنى تىكىشتىن بۇرۇن يىلتىز تارتقۇزۇش

توغراپ تەييارلانغان قەلەمچىلەرنى پاكىز يۇيۇپ، سۇغا چىلاپ تۇرلۇك ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۇسكۇنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يىلتىز تارتقۇزۇپ تەييارلىنىدۇ، بولۇپمۇ چىلان، ئۇزۇم تېلى قەلەمچىسى يۆتكەپ تىكىلىدۇ. قەلەمچىلەرنى يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇچۇن 15 كۈندىن 30 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولۇپ، قەلەمچىلەرنىڭ بالدۇر يىلتىز چىقىرىپ، بىخنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمىنى ئىلگىرى سۇرگىلى بولىدۇ.

## 6. قەلەمچىلەرنى يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇلى

ئادەتتە قەلەمچىلەرنى كاڭدا يىلتىزلىتىش، پارنىكتا يىلتىزلىتىش، توك ئارقىلىق يىلتىزلىتىش، خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق يىلتىزلىتىش ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولۇپ، ئۆز جايىغا ئېھتىياجلىق ھەرخىل ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى ئۆز ئورنىدا كۆپ ھەم تېز يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

## 7. قەلەمچىلەرنى خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق يىلتىزلىتىش

قەلەمچىلەرنى دورا ئارقىلىق يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇلى مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى تېز ھەم كۆپ يېتىش-

تۇرۇشتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خاس مېۋىلىك دەرەخ قەلەمچىلىرىنى يىلتىز تارتقۇزۇپلا قالماي، مېۋىسىز دەرەخ، مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە ھەرخىل ياغاچ غوللۇق گۈل - گىياھ قەلەمچىلىرىنىمۇ تېز يىلتىز تارتقۇزغىلى بولىدۇ. قەلەمچە قانچە ئاسان يىلتىز تارتسا، ئۇنىڭ بىخ چىقىرىپ كۆكلەش نىسبىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. قەلەمچىنىڭ يىلتىزى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ غول شاخلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شۇنچە تېز بولىدۇ.

1) ئاكسىلغا چىلاش. ئاكسىل تەركىبىدە ئۆستۈرۈش گورمونى (ئائوكسىن) تۈرىدىكى ماددىلار بولۇپ، قەلەمچىنىڭ يىلتىز چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭدا ئادەتتە قويۇقلۇقى 5% ئۆستۈرگۈچى گورمون ئىشلىتىلىدۇ.

2) نافتىل ئاتسىتىك كىسلاتاسىغا چىلاش. نافتىل ئاتسىتىك كىسلاتاسى بىرخىل ئۆستۈرگۈچى گورمون بولۇپ، قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ. قەلەمچىنىڭ تۇپراققا سانجىلىدىغان قىسمىنى 3 سانتىمېتىر ئەتراپىغىچە 40 — 200mg/ kg لىق ئېرىتمىسىگە بىر كېچە - كۈندۈز چىلىغاندىن كېيىن تىكسە، يىلتىز تارتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

3) سۈيگېنسو سۈركەش. سۈيگېنسو يىلتىز چىقىرىشنى تېزلىتىش دورىسى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى قارا، پاراشوكسىمان ھالەتتە بولۇپ، خۇسۇسىيىتى مۇقىم، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، قەلەمچىنى سۇغا چىلاپ، ئاستى قىسمىنى دورىغا سۈركىسە ياكى دورىغا سۇ قوشۇپ ئۇماچ

قىلىپ، ئاندىن قەلەمچىنى دورىغا چىلىسىمۇ بولىدۇ.

4) ئىسپىرتقا چىلاش. قەلەمچىلەرنى سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان 5% لىك ئىسپىرتنىڭ 500~2000kg/mg لىق ئېرىتمىسىگە بەش سېكۇنت چىلاپ، ئاندىن تىكسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ.

5) ساخاروزا ئېرىتمىسىگە چىلاش. قەلەمچىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ يازدا چىلان، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم تېلى، گۈل - گىياھ قاتارلىقلارنىڭ يۇمران نوتىلىرىنى قەلەمچە قىلىشتا بۇ ئېرىتمە تېخىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قويۇقلۇقى 1 — 5% تىن 10% كىچە تەڭشىلىدۇ. قاتتىق قەلەمچىلەر بۇ سۇيۇقلۇققا 20 — 24 سائەت، يۇمران قەلەمچىلەر 10 — 12 سائەت چىلانغاندىن كېيىن تىكىلسە ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ.

6) ۋىتامىن $B_{12}$ ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا چىلاش. ۋىتامىن $B_{12}$ نىڭ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ ھەر مىللىمېتىردىكى ۋىتامىن $B_{12}$ تەركىبىدە 500 مىكروگرام، يەنە بىر خىلىنىڭ ھەر مىللىمېتىردىكى ۋىتامىن $B_{12}$ تەركىبى 250 مىكروگرام بولىدۇ. ۋىتامىن $B_{12}$ تەركىبىدە يۇقىرى ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدا يۇمران نوتىلاردىن تەييارلانغان قەلەمچىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ قويۇقلۇقىنى تۆۋەنلەتكەندىن كېيىن، قەلەمچىنىڭ ئاستى تەرىپىنى تېز سۇرئەتتە چىلاش، سۇيۇقلۇققا چىلاش

ۋاقتى 10 — 15 سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

## 5. ئانار ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

ئانار دەرىخى قەلەمچە قىلىش، يىلتىزىدىن تۇپ ئايرىش، نوتا باستۇرۇش، ئۇرۇقىنى تېرىش، ئۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەلەمچە ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن يىلتىزىدىن يېرىپ تۇپ ئايرىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاسان ھەم ئۈنۈمى ياخشى، ئەمما بۇ ئۇسۇلدا قەلەمچە قىلىنىدىغان يۇمران شاخ، نوتىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن، كۆچەت باھاسى ئۆرلەپ كېتىش، سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك، كۆكلەش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

نۆۋەتتە، ئانار ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كۆچەت جىددىيلىكىنى پەسەيتىشنىڭ ياخشى تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

1) ئانار ئۇرۇقى تەييارلاش. ئۇرۇق ئېلىش ئۈچۈن 10-، 11- ئايلاردا ياخشى پىشقان، سۈپىتى ياخشى، ئۇرۇق ۋە مېۋىسىنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى يېرىلمىغان تاتلىق ئانار سورتلىرىنى تاللاش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئانار قىزىرىپ پىشقاندا تۈپلەر بويىچە تاللاپ ئۈزۈۋالغان ياخشى.

ئانار ئۇرۇقىنى ئانارنى ئۇزۇۋالغاندىن كېيىن تەييارلىسىمۇ ياكى ئەتىياز پەسلىدە تېرىش ۋاقتىدا تەييارلىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئانارنى ئۈزۈپ ئۆيگە (ئامبارغا) ئەكىرگەندىن كېيىن قىش پەسلىدە توڭلاپ قېلىشتىن، ئىسسىقتىن كۆكىرىپ قېلىشتىن، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئادەتتە ئانارنى پوستىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، پاكىز خالتىغا قاچىلاپ قول بىلەن سىقىش ئارقىلىق ئۇرۇقى ئايرىۋېلىنىدۇ، سۈيى شەربەت تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئەلگەك، غەلۋىر قاتارلىق سايمانلار ئارقىلىق سۇدا پاكىز يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايدا بورا ئۈستىگە يېيىتىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خالتا ياكى تاغارغا قاچىلاپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

2) ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇش. ئانار ئۇرۇقى قاتتىق بولغاچقا، شۇ پېتى تېرىلسا ئاسان ئۈنمەيدۇ. شۇڭا، تېرىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇلىدۇ، يەنى 3- ئايدا پارنىكقا تېرىشقا توغرا كەلسە، 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 4- ئايدا ئوچۇق ئېتىزغا تېرىشقا توغرا كەلسە، 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرى (بىر ئاي ئىلگىرى) بىخلاندۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۇرۇق ئالدى بىلەن چوڭ داس، چېلەكلەرگە قاچىلانغاندىن كېيىن 40 — 50℃ لۇق ئىسسىق سۇغا 3 كېچە - كۈندۈز چىلىنىدۇ. چېلەكنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. سۈيى ھەركۈنى كەچتە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. 3 كۈندىن كېيىن ئۇرۇقنى ئەلگەك ياكى غەلۋىر ئارقىلىق سۈزۈۋې-

لىپ ئۇرۇقنىڭ 5 ھەسسىسىگە باراۋەر ھۆل قۇمغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قۇم بەك ھۆل بولۇپ قالسا، ئۇرۇق سېسىپ كېتىدۇ. بەك قۇرۇق بولۇپ قالسا ئاسان بىخلانمايدۇ. شۇڭا، قۇمنىڭ نەملىكى قول بىلەن سىققاندا كاللەكلىشىپ قالمىغۇدەك، يەرگە تاشلىغاندا چېچىلغۇدەك ھالەتتە بولۇشى كېرەك. قۇمغا ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان جايغا 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك قېزىپ تېگىگە يەنە 10 سانتىمېتىر نەم قۇم يېيىتقاندىن كېيىن شۇ ئورەككە تۆكۈلىدۇ. ئۈستىگە يەنە 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا نەم قۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نەم توپا تىندۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئۇرۇق25 — 30 كۈندە 60 — 70% بىخلىنىپ بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇرۇقنى غەلۋىر بىلەن يېنىك تاسقاپ قۇمدىن ئاجرىتىپ تېرىشقا تەييارلىنىدۇ.

3) ئانار ئۇرۇقىنى پارنىكقا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش. پارنىكنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، كۆلىمى چەكلىك بولغاچقا، كۆپىنچە زىچ تېرىشقا توغرا كېلىدۇ. قانداق ئۇسۇلدا تېرىش كېرەكلىكىنى جايلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. پارنىكقا ئانار ئۇرۇقى تېرىش 3- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: بۇنىڭدا كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان مۇنبەت تۇپراق ياكى يېنىك قۇمساڭغۇ تۇپراقلىق يەر تاللىنىپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇپەتلىك قوي قىغى ياكى توخۇ، كەپتەر مايىقى تۆكۈپ يۇمشاق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزلەپ ئوسا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، پارنىك

جاھازىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ سۇلياۋ يېپىپ، پارنىك ئىچى-نىڭ تېمپېراتۇرىسى ئاشۇرۇلىدۇ. يەرنى يۇمشىتىپ تەكشى تۇزلەپ قىر ئېلىپ تەييارلىغاندىن كېيىن، 1 — 1.5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 25 سانتىمېتىر كەڭلىكتە تاختا ئېچىپ، بىخلاندۇرۇلغان ئانار ئۇرۇقى تاختىغا قويۇق تې-رىلىدۇ. ئۇرۇقنىڭ كۆمۈلۈش قېلىنلىقى 1.5 سانتىمې-تىردىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئۈستىنى تۇزلەپ يېنىك چىڭداش كېرەك. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق 1 مو پارنىكتا 40 — 50 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگىلى، كۆچەت ئېگىزلىكىنى 30 — 40 سانتىمېتىرغا يەتكۈزگىلى، ئۇنى سېتىپ، 4 — 5 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنسا، قۇر ئارىلى-قىنى 40 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 8 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، ئارتۇق كۆچەتلەرنى تاقلاپ ئاق يەرگە كۆچۈ-رۈش كېرەك. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن كۆ-چەتنىڭ ئېگىزلىكى يىل ئاخىرىغىچە 60 — 80 سانتىمې-تىرغا يېتىدۇ.

4) پارنىك ئىچىدىكى كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش. بىخلاندۇرۇلغان ئانار ئۇرۇقى پارنىكقا تېرىلغاندىن كېيىن 25 — 30 كۈنگىچە كۆپ قىسمى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۈنۈپ چىققان مەزگىلدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ ئۈششۈك پەيدا بولۇپ، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېرا-تۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتسە، دەرھال پارنىك ئۈستى-نى يېپىپ كۆچەتلەرنى ئۈششۈكتىن ساقلاش كېرەك. كۆ-چەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىردىن، پار-

نىكىنىڭ مۇقىم تېمپېراتۇرىسى 25℃ تىن ئاشقاندا، تۇپ-
قۇر ئارىلىقىنى تەڭشەپ مايسا قالدۇرۇش كېرەك. تۇپراق-
نىڭ نەملىكى نورمال بولۇش، كۆچەتلەرنى ئالدىراپ سۇ-
غارماسلىق، بولۇپمۇ لاي سۇ بىلەن سۇغارماسلىق كېرەك.
پارنىكنىڭ نەملىكى 10 كۈنگىچە ئۇدا ئېشىپ كەتسە، تۇپ-
راقتا زەمبۇرۇغ پەيدا بولۇپ، تۇپراق ئۈستى كۆكىرىپ
قالىدۇ. نەتىجىدە كۆچەتلەردە سېرىق دات كېسىلى، يىل-
تىز چىرىش كېسىلى ئېشىپ كەتسە پارنىكنىڭ شىمالىي
تەرىپىدىكى سۇلياۋنى ئېچىۋېتىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، نەم-
لىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك(پارنىكنى كەچتە ئېچىش كې-
رەك). كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى5 — 8 سانتىمېتىر بول-
غاندا، بىر تەرەپتىن تاقلاپ كۆچەت قالدۇرۇپ، بىر تەرەپ-
تىن ئوتىغۇچ بىلەن تۇۋىنى يۇمشىتىپ ئوت - چۆپلەرنى
ئوتاش، دورا چېچىپ كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ
ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 15 —
20 سانتىمېتىر بولغاندا سۆڭەك پاراشوكى، قارا ئوغۇت،
كۈنجۈرە قاتارلىق ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاز- ئازدىن
(كېيىنكى مەزگىلدە ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى تەدرىجىي كۆ-
پەيتىش) قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ئوغۇتلاشتا 6- ئايدىن 8-
ئايغىچە 3 قېتىم، سۇغىرىشتا 5- ئايدىن 9- ئاينىڭ 20-
كۈنلىرىگىچە 7 — 8 قېتىم، دورا چېچىشتا 5- ئايدىن
7- ئايغىچە 3 — 4 قېتىم تۇۋىنى يۇمشىتىپ ھاۋا ئالما-
شىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋە
نورمال قۇرغاقلىقىنى ساقلاش كېرەك. ئۆسۈۋاتقان مەز-
گىلدە يوپۇرماق گۆھىرىنى چېچىپ كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈش-

نى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەدرىجىي ئۆرلىتىپ ئاخىرقى مەزگىلدە 36 — 38°C تا تىزگىنلەپ، پەيدىنپەي سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ماسلاشقاندىن كېيىن كەچتە پارنىڭ ئۈستىدىكى سۇلياۋنى تەدرىجىي ئېلىۋېتىش كېرەك.

5) ئانار ئۇرۇقىنى ئوچۇقچىلىقتا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش. ئوچۇقچىلىقتا ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىمۇ ئوخشاشلا بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق تېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن تۇپرىقى ياخشى، سۇيى راۋان، سۇغىرىش قۇلايلىق، كۈن نۇرى تەكشى چۈشىدىغان، يانتۇلۇق پەرقى تۆۋەن، قۇمساڭغۇ يەرلەر كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. ھەرمو يەرگە 50 — 60 تاغار سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت تۆكۈپ، چوڭقۇر، يۇمشاق ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلىگەندىن كېيىن ئوسا قىلىنىدۇ، ئاندىن يۇمشاق ئاغدۇرۇپ تۈزلەپ، چۆنەك ئېچىپ، چۆنەكنىڭ ئۈستى چىڭدىلىپ كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ. بىر چۆنەككە 3 قۇر، قۇر ئارىلىقى 30 — 35 سانتىمېتىر قىلىپ 3 قوش تاپ ئېلىنىدۇ. 3 قوش تاپتىن كېيىن 60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر يەككە تاپ بويىچە مەخسۇس تەييارلانغان سايمان بىلەن تۈپ ئارىلىقى 6 — 7 سانتىمېتىر قىلىپ تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ھەربىر كاتەكچىگە 5 — 6 تالدىن ئۇرۇق سېلىپ ئۈستى ھۆل توپا بىلەن چىڭدىلىدۇ. (ئۇرۇق 1.5 — 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈلىدۇ) ئۇرۇق بىر ئاي ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ 5 — 6 سانتىمېتىرغا يەتكەندە دەرھال

تاقلاپ ھەر بىر كاتەكتە 2 — 3 تال كۆچەت قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قويۇقلۇقى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن ددۆ قاتارلىق دورىلار چېچىلىدۇ. كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاساسلىقى 3 — 4 قېتىم ئاز - ئازدىن (6- ئايدىن كېيىن) سۆڭەك پاراشوكى، توخۇ، كەپتەر مايىقى، قوي قىغى، گەندە، قارا ئوغۇت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ (ئازوتلۇق ئوغۇت كۆپ ئىشلىتىلسە كۆچەتلەر ئاسان يېتىلىدۇ). بىر يىلدا 9- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە 6 — 7 قېتىم سۇغىرىلسا، 5 — 6 قېتىم چاناپ تۈۋى يۇمشىتىلسا، 1 — 2 قېتىم ياندىن چىققان شاخلىرى پۇتاپ ئېلىۋېتىلسە، 1 — 2 قېتىم يوپۇرماق گۆھىرى چېچىلسا، كۆچەتلەرنىڭ پەرۋىش قىلىنىشى تەلەپكە يەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى يىل ئاخىرىغىچە70—80 سانتىمېتىرغا، 2- يىلى 1.20 — 1.50 سانتىمېتىرغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

## 6. بېھى كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

بېھى — ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 4 — 6مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ.

بېھى — قۇرغاقچىلىققا، ئىسسىقلىققا چىداملىق دەرەخ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلىرىدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا بېھى ئۇرۇقدىشىنىڭ ئۈچ خىل تۈرى ۋە ئۇنىڭ يەتتە خىل سورتى بولۇپ، ھەرقايىسىسى خاس ئالاھىدىلىككە ۋە دورىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن پاكار غوللۇق بېھى دەرىخىنىڭ بىرنەچچە خىل سورتلىرىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

بېھىنىڭ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا ئاقسىل، ياغ، 5 — 12% كىچە قەنت ۋە ھەرخىل مىنېرال ماددىلار، كاروتىن، ۋىتامىن A ، B، C، D بولغاندىن باشقا، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، تارتارىك كىسلاتاسى قاتارلىق ئورگانىك كىسلاتالار مول. بېھى يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەلنى ھەيدەش، بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

بېھىنى داۋاملىق مۇۋاپىق مىقداردا يەپ تۇرسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. جىگەر، ئۆت، ئۈچەي، ئاشقازان ياللۇغى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، شۇنىڭدەك ئۇيقۇسىزلىق، مېڭە قان تومۇر كېسىلى، يۈرەك قان تومۇر كېسىلى، قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

1) بىر تال بېھى مېۋىسىدە 60 — 80 تالغىچە ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇرۇقنى ئېتىزدىن ئاجراتقاندىن كېيىن يۇيۇپ،

سايە يەردە قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن خالتىغا قاچىلاپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ. تېرىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئىلمان سۇغا بىر سوتكا چىلاپ، پارنىكتا ياكى مەش قويغان ئىسسىق ئۆيدە نەم قۇمغا كۆمۈپ بىخلاندۇرۇلىدۇ. 3- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە ئۇسا قىلىپ، سۇلياۋ يېپىلغان چوڭەككە تۆشۈك ئېچىپ تىكىپ، ئۈستىدىن ھۆل توپا بىلەن 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈپ قويسا، 20 — 30 كۈن ئارىلىقىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇقنى چوڭ پارنىك ئىچىگە تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

2) يىلتىز ئەتراپىدىن تۈپ ئايرىپ كۆپەيتىشتە، بېھى دەرىخىنىڭ يىلتىز بوغۇمى ياكى چاچما يىلتىزلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان 1 — 2 يىللىق كۆچەتلىرىنى تۈۋىدىن يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، باشقا يەرگە يۆتكەپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. لېكىن، تۈۋىدىن ئۆسۈپ چىققان كۆچەتلىرىنى يۆتكەپ تىككەندە 8 — 10 يىلغىچە مېۋە بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى يۆتكەپ تىككەندىن كېيىن، 2- يىلى قايتىدىن سورتلۇق بېھى دەرىخىگە «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلىغاندا 3 — 4 يىلدا مېۋىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىشتە، ئۇرۇقتىن تېرىلغان كۆچەتلەر، تۈپ ئايرىپ يۆتكەپ تىككەن كۆچەتلەر ۋە ياۋا ئامۇت كۆچەتلىرىنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ، ئۇنىڭغا سورتلۇق بېھى دەرەخلىرىدىن نوتا (كۆز) ئېلىپ «T» شەكىللىك بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئۇلاش ۋاقتى 5- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە بولسا بولىدۇ.

3) قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىشتە، بىھى دەرىخىنىڭ يىلتىز ئەتراپىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئەمما تۈپ ئايرىغىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا ئۇرۇقىدىن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەردىن ئېگىزلىكى 1 مېتىردىن يۇقىرى، دىئامېتىرى 0.6 — 0.8 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولغانلىرىنى تاللاپ، 15 — 18 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قەلەمچە نوتىلىرى 11- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن كېيىن كېسىلىپ، ھەر 50 — 100 تېلى بىر باغلام قىلىپ، ئورىغا سېلىپ توڭلىتىپ ساقلىنىدۇ. 4- ئاينىڭ 10 — 20- كۈنلىرى ئارىلىقىدا ئورىدىن ئېلىپ قەلەمچە توغراپ تېرەك قەلەمچىسى تىككەنگە ئوخشاش تىكىلىدۇ. قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆستىگە سۇلياۋ يېپىلمىسا، كۆكلەش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ.

## 7. ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

ئەنجۈر بىر يىلدا 3 قېتىم مېۋە بېرىدىغان داڭلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئەنجۈرنىڭ ماكانى بولغان ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر دەرىخى ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، ئاتۇشلۇقلار ئەنجۈرلۈك باغ كۆلىمىنى يىلدىن - يىلغا كېڭەي-

تىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئەنجۇرنى پىششىق-لاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئەنجۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىمىز-نىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن بازارلىرى ۋە خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈپ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئىق-تىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ دېھقانلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى يە-نىمۇ ئىلگىرى سۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەنجۇر دەرىخى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى. ھازىر دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىر-تىدا ئەنجۇر مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، ئۇنى كېڭەيتىشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ.

## 1. سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ئارقىلىق ئەنجۇر كۆ-چىتى يېتىشتۈرۈش

ئەنجۇر دەرىخى ئاساسەن قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ.

1) يەر تاللاش. ئەنجۇر قەلەمچىسى تىكىدىغان يەرنىڭ تۇزۇلۇشى تەكشى، كۇن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، سۇغىرىشقا قۇلايلىق، شور، تۇز تەركىبى بولمىغان، تۇپرىقى مۇنبەت ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراق يەر بولۇش لازىم.

2) يەر تەييارلاش. ھەر مو يەرگە 2.5 توننىدىن 3 توننىغىچە ياخشى چىرىگەن سۇپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇت تۆككەندىن كېيىن، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، تۇز قىرلاش، تەكشى تۇزلەش ۋە ئۆلچەملىك چۆنەك ئېچىپ

تەييارلاش لازىم.

3) قەلەمچە تەييارلاش. تىكىدىغان قەلەمچىلەرنى كۈز پەسلىدە ئەنجۈرنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى كېسىۋېلىپ، قىش-تا ئورەككە كۆمۈپ توشلىتىپ ساقلاش كېرەك. ئەتىياز پەسلىدە قەلەمچە ئېلىشقا توغرا كەلسە ئەنجۈرنى توپىدىن ئاچقاندىن كېيىن كېسىۋېلىپ ھۆل توپىغا كۆمۈپ ساقلاش كېرەك. قەلەمچە ئېلىشتا يېتىلگەن ئانا تۈپلەرنىڭ غول شاخلىرىدىن ياكى تۈۋىدىن ئۈسۈپ چىققان 1 — 2 يىللىق پىشقان نوتىلارنى كېسىۋېلىپ ھەر 50 — 100 تال قەلەم-چىنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ ساقلاش لازىم. قەلەمچىنى تىكىشتىن ئىلگىرى 20 — 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، تۈۋى تەرىپىنى قىيپاش، ئۇچ تەرىپىنى تۈز كېسىپ، 1 — 2 سائەت سۇزۇك سۇغا چىلاپ، ئاندىن تىكىش كېرەك. ئەگەر شارائىت بولسا يىلتىز تارتقۇزۇش پاراشو-كىغا قەلەمچىلەرنىڭ تۈۋى تەرىپىنى يېرىم سائەت چىلاپ، ئاندىن تىكسە قەلەمچىلەرنىڭ يىلتىز چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. بىخى يوق قەلەمچىلەرنى تىكمەسلىك ۋە قەلەمچىلەرنىڭ تەتۈر تىكىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

4) قەلەمچە تىكىش. قەلەمچىلەرنى ئاق يەردىكى چۆ-نەككە تىكىپ سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق ياپسىمۇ ياكى يەرنى ئوسا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەييار-لىغان چۆنەككە تىكىپ ئۈستىدىن سۇلياۋ يوپۇق ياپسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، چۆنەكنىڭ تارتىلىشى تۈز، ئېگىز-لىكى ئادەتتە 25 — 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇش

كېرەك. ھەربىر چۆنەككە ئىككى رەت، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 12 — 15 سانتىمېتىر بويىچە قەلەمچە تىكىش لازىم. قەلەمچىنى تىكىپ بولغاندىن كې-يىن، تۈۋىگە دەسسەپ مەھكەم چىڭداش، سۇلياۋ يوپۇقنى پۇختا يېپىش لازىم.

5) قەلەمچىلەرنى پەرۋىش قىلىش. قەلەمچىلەر بىخ-لىنىپ يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن، كەچ تەرەپلەردە قەلەمچىلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇلياۋنى تېشىپ قويۇپ، يو-پۇرماقلارنى سۇلياۋنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىش كېرەك. قەلەمچە تىكىلىپ بىخلارنىڭ ئېگىزلىكى 8 — 10 سانتى-مېتىرچە ئۆسكەندە ئەھۋالغا قاراپ تۇنجى قېتىملىق سۇيە-نى بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم، 10- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 — 12 قېتىمغىچە سۇغىرىش كېرەك. ئەمما، كەلكۈن سۈيى، يامغۇر سۈيى ۋە لاي سۇ بىلەن سۇغىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. كۈز پەسلىدە بالدۇرراق سۇغىرىپ، ئۈششۈك چۈشۈشتىن ئىلگىرى قەلەمچىلەرنى كۆمۈپ بولۇش كېرەك. قەلەمچە-لەر 25 — 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندە نۆۋەتتىكى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، چۆنەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تاپ ئېچىپ، تاپ بويىچە قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، تاپنى تۈزلە-ۋېتىش لازىم. ئوغۇتلاشتا ياخشى چىرىگەن قوي قىغى، كۈنجۈرە، توخۇ، كەپتەر مايىقى، خىمىيىۋى ئوغۇتلاردىن ئاممونىي فوسفات قاتارلىق ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەنجۈر قەلەمچىلىرىنى بىر يىلدا 3 قېتىم مۇۋاپىق ئوغۇت-لار بىلەن ئوغۇتلىسا ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. 9-

ئايلاردا سۇغىرىشنى ئازايتىپ، ئاستىدىكى شاخ - پۇتاقلارنى پۇتىۋېتىش، ئۈچ شاخلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە شارائىت هازىرلاپ بېرىش كېرەك. ئەنجۈر كۆچىتىنى باشقا كۆچەتلەرگە قارىغاندا بالدۇر كۆمۈپ، ئەتىيازدا كېيىنرەك ئېچىش لازىم.

## 2. پارنىكتا ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

پارنىكتا ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئادەتتە 2- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ 20 — 28℃ قىچە بولىدۇ. پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى كېچىلەردە 10 — 15℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇنداق تېمپېراتۇرا پارنىكتا ئەنجۈر قەلەمچىسى يېتىشتۈرۈشكە تولىمۇ باب كېلىدۇ. ئەگەر پارنىكتا ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈلسە ئۇنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئاق يەرگە سۇلىياۋ يېپىپ ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرگەنگە سېلىشتۇرغاندا 30 — 40% تېز، كۆكلەش نىسبىتى 15 — 20% يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما، ئەنجۈر قەلەمچىسى تىكىلىدىغان پارنىكنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر كەڭ، پارنىكنىڭ كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك، كېچىدىكى ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى بىرقەدەر ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. پارنىكنىڭ شارائىتى مۇشۇنداق بولغاندا، ئەنجۈردىن باشقا چىلان، ياڭاق، ئانار، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈزۈم (تال)، بېهى قاتارلىق كۆچەتلەرنىمۇ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

پارنىك ئىچىگە مەيلى ئەنجۈر ياكى ئانار، تال قاتار-

لىقلارنىڭ قەلەمچىسى تىكىلىشۇن ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇق (مېغىزى) لىرى تېرىلىشۇن، ئالدى بىلەن يەرگە چۈنەك تارتىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغاندىن كېيىن، قەلەمچە تىكىلىدۇ ياكى ئۇرۇق تېرىلىدۇ. ئۇرۇق تېرىشتىن ئىلگىرى پارنىك ئىچىدىكى يەرلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ قۇرت - هاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك.

پارنىك ئىچىگە تېرىلغان ۋە قەلەمچە قىلىنغان كۆچەتلەر بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان تېخنىكا مەشغۇلاتلارنى تەلەپ قىلىدۇ. پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، كۆچەتلەرنى ئوتاش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، تۇۋىنى يۇمشىتىش، كېسەل هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا ئىشلەش ۋە ئەستايىدىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما، پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئاق يەردە ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا 30 — 40% يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر پارنىكلاردا ئەنجۇر قاتارلىق كۆچەتلەر ئۆستۈرۈلسە قىشتا كۆمۈلمەيدۇ. شۇ يىلى كۈز ياكى كېلەر يىلى ئەتىيازدا يۆتكەپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

# III باب مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆلاش ۋە پەرۋىش قىلىش

## 1. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

نۆۋەتتە مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆلاش تېخنىكىسى يىل-دىن - يىلغا مۇكەممەللىشىپ، ئۆلاش ئۇسۇلىدىمۇ كۆپ خىل يېڭىلىق بارلىققا كەلدى. ھەممىلا يەردە ھازىرقى باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مېۋى-لىك دەرەخلەرنى ئۆلاشنىڭ كۆپ خىل يېڭى ئۇسۇللىرى قوللىنىلماقتا. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆلاش جىنسسىز كۆ-پەيتىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ مېۋىلىك دەرەخ-لەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دە-رەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى كۆپەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى. مېۋىلىك دەرەخلەرنى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆلاپ سورتىنى ياخشىلاش نۇرغۇن ئارتۇقچىلىققا ئىگە بو-لۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەرخىل ئەلا سورتلۇق كۆ-چەتلىرىنى تېز، ياخشى، سۈپەتلىك ھەم كۆپ يېتىشتۈ-

رۇش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى-
نىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇلان-
غان دەرەخلەر مېۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەلا سورتلارنىڭ
خۇسۇسىيىتىنى ساقلاش، تېز ئۆسۈش، بالدۇر چېچەك-
لەش، بالدۇر مېۋىگە كىرىش، مېۋىسىنىڭ دانىسى چوڭ
بولۇش، كېسەللىك - هاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا قارشى تۇ-
رۇش، هۆلچىلىككە، قۇرغاقچىلىق ۋە سوغۇققا بەرداشلىق
بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاهىدىلىكى بىلەن
ئادەتتىكى مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇر-
دۇ.

باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلى-
شىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن جايلار مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇ-
لاپ سورتىنى ياخشىلاشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇلانغان كۆچەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆلى-
مى، تۈپ سانى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارماقتا. كۆپلىگەن
جايلاردا مەخسۇس ئۇلاقچىلىق تېخنىك خادىملار قوشۇنى
بارلىققا كېلىپ، خۇسۇسىي ياكى تەشكىللىك هالدا ئۇلاق-
چىلىق مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ بىر
ياخشى ئەهۋال. لېكىن، قىسمەن جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سانى
كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كۆكلەش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەس-
لىسى هېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئەهۋال مەبلەغ ۋە ئەم-
گەك كۈچىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.
نەتىجىدە هەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراش-
تەك ئەهۋاللار كۆرۈلمەكتە. شۇڭا، مېۋىلىك دەرەخلەرنى

ئۇلاش ۋە ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش لازىم.

1 ) ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نوتىلارنى ياخشى تاللاش لازىم. نوتا يىغىپ قىش پەسلىدە ساقلاش، يازلىق نوتا ئېلىش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش لازىم. نوتىلارنى مۇزخانىدا ساقلاش، توڭ-لىتىش، يۆتكەش، قاچىلاش، ئىشلىتىش جەريانىدا چوقۇم ئۇلاقچىلىقنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ باشقا ناھىيە ۋە ۋىلايەتلەردىن نوتا ( بىخ، خىپچا) يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلاقچىلىق تېخنىكىسىنى بىلىدىغان تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، نوتىلارنى تۈرى، سورتى، سۈپىتى بويىچە ياخشى تاللاپ، سانىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يۆتكەپ كېلىش كېرەك.

2 ) ئۇلاقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئۇلاقچىلىق تېخنىك خادىملىرى مېۋىلىك دەرەخلەر-نى ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل ئۇسۇلدا ئۇلاش، ئۇلاق تۈپىنى تاللاش، نوتا، بىخ ( كۆز) نى تەييارلاش، تېز ئۇلاش، تېز تېڭىش ماھارىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۇلانغان تۈپلەر-نىڭ كۆكلەش ئۇنۇمىنى 90 — 95% تىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇلاقچىلىق باشلىنىشتىن ئىل-گىرى ئىككى تەرەپ ئەتراپلىق توختام تۈزۈپ، توختامغا بىردەك ئەمەل قىلىش، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان بولۇشتەك ئەھۋاللاردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

3 ) مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاشنىڭ پەسلىنى ( مەز-

گىلىنى) ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ئۆلاش مەزگىلىنى شۇ ئورۇننىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، تۇپراق شارائىتى، كۆچەت-لەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، ئالدىن سۇغىرىش ئەھۋالى، نوتا (بىخ) نىڭ ساقلىنىش ۋە تەييارلىنىش ئەھۋالى قاتارلىق-لارغا ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك. مەخسۇس تونۇلىتىلغان نوتىدىن خىپچا، بىخ ئېلىپ ئۆلاشتا 3- ئاينىڭ 25- كۈنى-دىن 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ياز پەسلىدە دەرەخ ئۈستىدىن يۇمران نوتا ئېلىپ بىخ ئۆلاق ئۆلاشتا 5- ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

4) ئۆلاقچىلىق تېخنىك خادىملىرىنى ياخشى تاللاش لازىم. ئۆلىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپكە بولىدىغان زىيان كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆلاقچىلىق تېخنىك خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئا-ساس قىلىپ، ئەڭ ئۈستىلىرىنى تاللاپ ئۆلاقچىلىق ئىش-لىرىغا قويۇش لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئۆلاقچىلارنى 2 — 3 تىن كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ئۆلىغان كۆچە-تى كۆكلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىش ھەققى تارقىتىش كېرەك. ئىككى تەرەپ ئۆلاقچىلىق توختامى تۈزگەندە، ئۆلاقچىلىق ئىش ھەققى، كۆكلەش نىسبىتى، كېتەرلىك ماتېرىيال ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى توختامغا ئې-نىق يېزىلىشى كېرەك.

5) ئۆلانغان دەرەخ (كۆچەت) لەرنى ۋاقتىدا ياخشى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش لازىم. دەرەخ (كۆچەت) لەرنى

ئۈلاشتىن 4 — 5 كۈن ئىلگىرى بىر قېتىم سۇغىرىپ، دەرەخ سۈمۈرىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دەرەخنى ئۈلاپ بولغاندىن كېيىن، 5 — 10 كۈن ئارىلىقىدا ياندىن چىققان نوتىلارنى پۇتاپ ئېلىۋېتىش، پۈتۈن ئۆسۈش مەزگىلىدە 3 — 4 قېتىم ياۋا شاخلارنى پۇتاپ تۇرۇش، ئۈلانغان بىخ - نوتىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈلاقنى تاڭغان شوينا ياكى سۇلياۋ تېڭىقنى ۋاقتىدا يېشىپ ئېلىۋېتىش، ئۈلاقتىن ئۆسكەن نوتىلارنى تېڭىش، تۇۋىنى يۇمشىتىش، سۇغىرىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك، زىياندىش هاشارىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قىش پەسلىدە ئۈششۈكتىن ساقلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش پەرۋىش ئىشلىرىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، يىل ئاخىرىغىچە كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش لازىم. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللانغاندىلا ئۈلانغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمىگە هەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئۈلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ نوتىلىرىنى قايسى مەزگىلدە يىغىۋېلىش كېرەك

ئۈلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ نوتىلىرىنى قايسى مەزگىلدە يىغىۋېلىش ۋە قانداق ساقلاش مەسى-

لىسى ئۇلانغان مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆچەتلەرنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق مەسىلىلەر-نىڭ بىرى. بەزىلەر قىش پەسلىنىڭ كىرىشى بىلەنلا (12-ئايدىن باشلاپ) سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۇلاق نوتىسى (خىپچا) يىغىۋېلىپ ئورىدا توڭلىتىپ ساقلايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇلاق نوتىلىرىنى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا يىغى-ۋېلىپ مۇزخانىدا ياكى توڭلىتىش ئىسكىلاتلىرىدا ساقلاي-دۇ. نوتىلارنى ئەڭ ياخشىسى مۇۋاپىق مەزگىلدە يىغىۋې-لىپ، مۇزخانىغا ئەكىرىپ ساقلىسا، نوتىلارنىڭ ئەڭ تۆ-ۋەن تېمپېراتۇرىغا ماسلىشىشى ۋە نەملىكنى ساقلىشى تو-لۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئەتىياز پەسلىدە مۇزخانىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇلىغاندا كۆكلەش ئۇنۇمى يۇقىرى بولىدۇ.

پېشقەدەم ئۇلاقچىلىق تېخنىكلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرى-بىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدى-غان مېۋىلىك دەرەخ نوتىلىرىنى بەك بالدۇرمۇ ئەمەس، بەك كېيىنمۇ ئەمەس، تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەندە (1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 2- ئاينىڭ 10- كۈنى-گىچە بولغان ئارىلىقتا يىغىۋېلىپ، مۇزخانىغا ئەكىرىپ ساقلىغاندا، بۇ نوتا بىلەن ئۇلانغان دەرەخلەرنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما، بالدۇر ۋە كېيىن يىغىۋېلىپ مۇزخانىدا ئەمەس، توڭلىتىش ئامبارلىرى ياكى ئاپتوماتىك ئۇسكۇنە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئامبارلاردا ساقلىغان نوتىلارنىڭ ئۇلانغاندىن كېيىنكى كۆكلەش ئۇنۇمى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ خىل ئىسكىلاتلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغىنى

بىلەن نەملىك بولمىغانلىقتىن، نوتىلارنىڭ شامالداپ سو-
سىزلىنىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ
ئۇچۇن، مەيلى مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ قەلەمچىلىرى بول-
سۇن ياكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىد-
غان نوتىلىرى بولسۇن، ئۇنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاشتا
تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نوتىلارنى يىغىۋېلىش-
تا، ئانا دەرەخ تۇپىدە كېسەللىك ياكى هاشارات زىيىنىنىڭ
بار - يوقلۇقىغا، نوتىلارنىڭ كېسەللىك ۋە هاشارات زىيى-
نىغا ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقىغا، نوتىلارنىڭ پىشقان
ياكى پىشمىغانلىقىغا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بې-
رەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

2) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاپ،
ئەڭ سۈپەتلىك نوتىلىرىنى يىغىۋېلىش لازىم. نوتىلارنى
يىغىۋالغاندىن كېيىن، دەرەخ تۈرى، مېۋە سورتى، سانى
بويىچە ماركا چاپلاپ، هەر 50 ياكى 100 تالنى بىر باغلام
قىلىپ ساقلاشقا تەييارلاش لازىم.

3) قەلەمچە قىلىشقا ۋە ئۇلاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان
نوتىلارنى ئەڭ ياخشىسى تېمپېراتۇرا 0°C تىن تۆۋەن مەز-
گىلدە (1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 10 -
كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا) يىغىۋېلىش كېرەك.

4) نوتىلارنى تۈرى، سورتى، دەرىجىسى، سانى بويى-
چە رەتلەپ تەييارلىغاندىن كېيىن، مۇزخانىغا ئەكىرىپ
رەتلىك تىزىپ ساقلاش لازىم. نوتىلارنى توڭلىتىش ئامبى-
رى ياكى ئاپتوماتىك توڭلىتىش ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇ-

روٗلغان ئىسكىلاتتا ساقلاشقا توغرا كەلسە، نوتىلارنىڭ شا-مالداپ، سوٗسىزلىنىپ قالماسلىقى ئوٗچوٗن، ئاپتوماتىك سوٗ چېچىش ئوٗسكوٗنىسى ئورنۇنلاشتۇرۇپ، نەملىكىگە كاپالەت-لىك قىلىش لازىم.

5) نوتىلارنى چىقىم قىلىش ۋە يۆتكەشتە (ئوٗلاشتىن ئىلگىرى بىخلىنىپ قالماسلىقى ئوٗچوٗن) ئوراش، قاچىلاش ئىشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

## 3. مېۋىلىك باغلارنى پەرۋىش قىلىشتا ئەمەلىي قوللىنىش زۆرۈر بولغان تېخنىكىلىق تەدبىرلەر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى جايلار باغۋەنچى-لىكنى كەسىپلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىپ ئۇنى ئۆز ئورنى-نىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسىپىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش ئارقىلىق مېۋىلىك باغلارنى پەن-تېخنىكا تەلىپى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. نەتىجىدە ئۆز جايىنىڭ كۆزىر، داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاپ-تونوم رايونىمىز، مەملىكىتىمىز، جۇملىدىن خەلقئارا با-زارلارغا يۈزلەندۈرۈپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئې-رىشتى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېۋىلىك باغ كۆلىمى 10 مىليون موغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون مودىن كۆپىيىپ باردى. يىللىق مەھسۇ-لات مىقدارى 1 مىليون توننىدىن ئېشىپ دېھقانلار باغۋەن-

چىلىكتىن كۆرۈنەرلىك نەپكە ئېرىشتى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم جايلارنىڭ مېۋىلىك باغلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇشى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللار ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېۋىلىك دەرەخ ۋە باغلارنى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 1. مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش

يېڭىدىن كۆچەت تىكىپ مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتىن ئىلگىرى، باغ يېرىنى ئوبدان لايىھىلەپ، ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئۇزاق يىللىق تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. باغ يېرى مۇقىملىشىپ لايىھىلەش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرگە تىكىدىغان مېۋىلىك كۆچەتنىڭ تۈرى، سانى بويىچە ئالدىن پىلانلاپ نەقلەشتۈرۈش لازىم. تارقاق مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش ياكى يېڭىدىن مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتا، جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەڭ ياخشىسى ئۈزۈم (تال) ، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئالما كۆچەتلىرىنى كۈز پەسلىدە (11- ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن) ، ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇل، بادام، گىلاس، چىلان، ياڭاق قاتارلىق كۆچەتلەرنى ئەتىياز پەسلىدە (3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە) تىكىش، ئۆلىغان كۆچەتلەرنى كۈز پەسلىدە تىكىشكە توغرا كەلسە، قىشتىن ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى

قوللىنىش، ئەڭ ياخشىسى ئەتىياز پەسلىدە تىكىپ ۋاقتىدا قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. بىر يىلدا 5 — 8قېتىم سۇغىرىپ تولۇق كۆكلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىنا قىلىنغان باغ ئورمانلىرىنىڭ تۈپ- رەت ئارىلىقى مۇۋا- پىق كەڭ بولۇش، پاكارلىتىپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ تۈپ - رەت ئارىلىقى مۇۋاپىق زىچ بولۇش كېرەك. قىشتا كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆچەت- لەرنى ۋاقتىدا كۆمۈپ ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ، ئۇششۇپ قۇرۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 2. ئۇچىنى ياندۇرۇش

مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنىڭ مەيلى كۈزدە ياكى ئەتىياز پەسلىدە تىكىلگەنلىرى بولسۇن، كۆچەتلەرنى ئەتى- يازدا سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلى- رىدىن بۇرۇن ئۇچ ۋە يان شاخلىرىنى مۇۋاپىق قىرقىپ ئېلىۋېتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، كۆچەتلەرنىڭ غول ۋە شاخلىرىغا سۇ يېتىشمەسلىكنىڭ، چالداپ قۇرۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 3. چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش

مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۇزۇم تېلى، ئانارنى كۈز پەس- لىدە كۆمۈشتىن ئىلگىرى چاتاش، ئالما، نەشپۈت، ئۆ- رۈك، چىلان قاتارلىقلارنى قىش پەسلىدە (12 - ئايدىن 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) چاتاش، ئەنجۈر، بادام، شاپتۇل قاتارلىقلارنى ئەتىياز پەسلىدە چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش

لازىم. مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتىغاندا، 1-، 2 - يىلى كىچىك چاتاش، 3 - يىلى چوڭ چاتاش، بۇ ئۇسۇلنى مۇشۇ بويىچە ئون نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇش لازىم. مېۋىلىك دەرەخلەر تېخنىكا تەلەپ بويىچە چاتاپ پەرۋىش قىلىنسا، مېۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى، سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كۆرۈنەر-لىك دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ.

## 4. ئوغۇتلاش

ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۈز پەسلىدە (9-، 10- ئايلاردا) ئوغۇتلاش لازىم. مېۋىلىك دەرەخلەر يوپۇرمىقى تۆكۈلۈشتىن ئىلگىرى ئوغۇتلانسا، يەر توڭلاش-تىن ئىلگىرى بۇ ئوغۇت دەرەخ تېنىگە سۈمۈرۈلۈپ، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەتىياز پەسلىدە (دەرەخ چېچەكلەشتىن ئىلگىرى) ئوغۇتلاپ ۋاقتىدا سۇغارسا، دەرەخنىڭ چېچەك، مېۋىسى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ياز پەسلىدە (5-، 6-، 7- ئايلاردا) ئوغۇتلىسا، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىغا، مېۋە تەمى ۋە سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا ھارام شاخلارنىڭ ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ۋاقتىدا چاتاپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلاشتا، دەرەخ ئەتراپىدىن يېرىم چەمبەر (شارائىت بولسا، پۈتۈن چەمبەر) شەكىل-لىك ئورەك كولاپ، دەرەخنىڭ تورى ۋە چوڭ - كىچىكلىك ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئوغۇتلاشتا، قوي قىغى، توخۇ، كەپتەر مايىقى، كۆنجۈرە، يۇلغۇن چىمىنى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىش، قارا ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا (ئاز) ئىشلىتىش، تۇپراق قۇرۇلمىسى بەك قېتىپ كەتكەن بولسا، ئوغۇتقا مۇۋاپىق قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئورەكنى تۈزلەش كېرەك. مېۋىلىك دەرەخلەرگە (بولۇپمۇ ئانار، تال، ئەنجۈر، شاپتۇل دەرەخلىرىگە) گەندە، چىرىندى ئوغۇت، چىرىمىگەن ئېغىل قىغى (ئۇلەڭ) ۋە ئاق ئوغۇتلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. دەرەخلەرنى ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك.

## 5. ئوتاش ۋە تۈۋىنى يۇمشىتىش

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ تۇرمىغاندا، تۇپراق قېتىۋېلىپ، تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە سۇمۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. دەرەخ ئاسان ئۇسسايدۇ، تۇپراقنىڭ ھاۋا، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى توسالغۇغا ئۇچراپ، دەرەخلەردە تۈرلۈك فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، مېۋىلىك باغلارنى كۆز ياكى ئەتىيازدا ئاغدۇرۇپ، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى بىر يىلدا 2 — 3 قېتىم چاناپ يۇمشىتىپ تۇرۇش كېرەك. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ ئېلىۋېتىش لازىم. مېۋىلىك باغلارغا گازىر، قوناق قاتارلىق ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەرنى، كاۋا، قاپاق قاتارلىق پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىماسلىق كېرەك.

## 6. يازدا چاتاش

مېۋىلىك دەرەخلەر كۈز ۋە ئەتىياز پەسلىدە چاتالغاندىن باشقا، ئۈزۈم تېلى، ئانار، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل قاتارلىقلار ياز پەسلىدە (6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلارغىچە) 2 — 3 قېتىم چاتىلىدۇ. يازدا چاتاشتا، هارام شاخ ـ نوتىلارنى چاتاپ ئېلىۋېتىش ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، قويۇق، ئەگرى ـ بۈگرى ئۆسكەن شاخلار شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ. چالداپ قۇرۇپ كەتكەن، كېسەل تەگكەن، زەخىملەنگەن، هاشارات زىيىنى ئېغىر بولغان شاخ ۋە نوتىلار كېسىۋېتىلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنى يازدا چاتىغاندا، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرگە كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، هاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، مېۋىلەرنىڭ يىگىلەپ كېتىش، قارىداپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، مېۋىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، مېۋىلەرنىڭ تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغىلى، كېسەللىك، هاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ.

## 7. كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش

كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە مېۋىلىك باغ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق يوپۇرماق، ئوت ـ چۆپ ۋە شاخ ـ شۇمبىلارنى پاكىز تازىلاپ ئېلىۋېتىش كېرەك. قىش پەسلىدە ئادەم تەشكىللەپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن

پايدىلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخلەردىكى ئۆرۈك ئالا قۇرتىنىڭ تور، لېچىنكىلىرىنى يىغىپ كۆيدۈرۈش، قاسىراقلىق قۇرتنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش، ئۆرۈك، شاپتۇل دەرەخ-لىرىدىكى يېلىمنى قىرىپ ئېلىۋېتىش، چىلاننىڭ قوۋزاق-لىرىنى قىرىپ، قۇرت - ھاشاراتلارنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىپ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش «ئىستىھكام» لىرىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك.

ئەتىياز پەسلىدە (دەرەخ چېچەكلەشتىن ئىلگىرى يا-كى كېيىن) مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئومۇميۈزلۈك دورا چې-چىش، ياز پەسلىدە يەنە بىرنەچچە قېتىم دورا چېچىپ دەرەخ ۋە مېۋىلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش لازىم. مېۋىلەرنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغان كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى دەل - دەرەخلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇللارنى كۆپرەك قوللىنىش لازىم. ئە-گەر خىمىيىلىك دورىلارنى چېچىشقا توغرا كەلسە، كېسەل-لىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئەھۋالىغا ئاساسەن، دورىلارنى تازىلاپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىش، دورىنىڭ قويۇقلۇ-قىنى ئۆلچەم بويىچە مۇۋاپىق تەڭشەپ، دورا چېچىش مەش-غۇلات قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم.

## 8. مېۋىلەرنى شالاڭلىتىش

مېۋىلىك دەرەخلەر ھەددىدىن زىيادە بولۇق مېۋىلەپ

كەتسە، مېۋىسى كىچىك، تەمسىز، سۈپىتى ناچار، رەڭگى خۇنۇك، مېغىزى پۇچەك بولۇپ قالغاندىن باشقا، دەرەخلەر مېۋىنى كۆتۈرەلمەي ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، دە-رەخلەر چېچەكتىن ئاجراپ مېۋە تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالما، نەشپۈت، ئامۇت، ئانار، بېھى، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق يۇتاپ ئېلىۋېتىپ، مېۋىلەرنىڭ زىچلىقىنى مۇۋاپىق شالاڭ-لاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئالمىنىڭ بىر تال مېۋە شېخىدا 5 دانە ئالما بولسا، ئارىلاپ ئۇنىڭ ئىككىسىنى يۇتاپ ئېلىۋېتىش، ئەگەر 3 دانە ئالما بولسا بىرىنى يۇتاپ ئېلىۋېتىش لازىم. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىنمىسا، ئوزۇق-لۇق يېتىشمەي سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، دەرەختە ساقلىنىپ قالغان مېۋىلەرنىڭ ئۆسۈ-شى تېز، دانىسى چوڭ، رەڭگى چىرايلىق، سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقى-رى بولىدۇ.

## 9. تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش

تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈ-شى، مېۋە بېرىشى، مېۋىنىڭ سۈپىتى، مەھسۇلات مىقدا-رى، دەرەخنىڭ ساغلاملىقى ۋە شۇ دەرەخنىڭ پۈتۈن ئۆمرى-گە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. تۇپراق-نىڭ قۇرۇلمىسى ناچارلىشىپ كەتسە، مېۋىلىك دەرەخلەر-نىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ، بولۇپ-مۇ ياز پەسلىدە لاي، سېغىز، قۇم تەركىبى كۆپ بولغان

كەلكۈن سۈلىرىنىڭ مېۋىلىك باغلارغا ئېقىپ كىرىشى نە-
تىجىسىدە تۇپراق قۇرۇلمىسى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. بۇن-
داق ئەھۋالدا دەرەخلەرنىڭ تۇۋىگە ئەخلەت، سېغىز، لاي،
قۇم، سۈلياۋ پارچىلىرى قاتارلىقلار ئورنىشىپ، دەرەخ-
نىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك ماددا ئالماشتۇرۇشىغا تو-
سالغۇ پەيدا قىلىدۇ. سېغىز تۇپراقنى قاتۇرىدۇ، سۈلياۋ
پارچىلىرى تۇپراقنى بۇلغاپ دەرەخ يىلتىزىنىڭ سۇ سۈمۈ-
رۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. قۇم تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى
تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئۇزاققىچە داۋاملاشسا، تۇپ-
راقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ،
تۇپراقنىڭ مىكرو جەھەتتىكى ئۈنۈمدارلىقى ناچارلىشىپ
كېتىدۇ. نەتىجىدە دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى، مېۋىلىشى،
ھەتتا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. دەرەخلەردە
يىلتىز چىرىش، غولى پورلىشىش، يوپۇرمىقى قورۇلۇش،
مېۋىسى يىگىلەش، يىلىم ئېقىش قاتارلىق فىزىئولوگىيە-
لىك كېسەللىكلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، مېۋىلىك باغلارنى
سېغىز، لاي، قۇم ئارىلاش كەلگەن كەلكۈن سۇدا سۇغى-
رىشتىن ساقلىنىش كېرەك.
ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، دەرەخنىڭ
ئەتراپىنى كولاپ، ئەسلىدىكى توپىسىنى ئېلىۋېتىپ، مۇن-
بەت ئېتىز توپىسىغا مەلۇم نىسبەتتە قوي قىغى، قۇم
ئارىلاشتۇرۇپ كۆمۈپ ۋاقتىدا سۇغارسا، دەرەخنىڭ ئەس-
لىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

## 10 . مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش

مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش — مېۋىلىك دەرەخلەرنى

بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزۈش، مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش، مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. شۇڭا، مېۋىلىك باغلاردىكى ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەلا سورتلارغا ئۇلاپ سۈپىتىنى ياخشىلاش — باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ھازىر مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاشنىڭ ھەرخىل يېڭى ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلدى. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلىغىلى بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ سورت، سۈپەت ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆزىر مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۇلاپ سورت ياخشىلاشتىن باشلاش كېرەك.

## 4 . مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يېلىم ئېقىش كېسىلىنى «داۋالاش»

مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يېلىم ئېقىش كېسىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئالۇچا، ئەينۇلا، جىنەستە قاتارلىق بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان بىرخىل فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىك. ئۇنىڭ تارقىلىشى كەڭ، زىيىنى ئېغىر، ئالدىنى ئېلىش ۋە «داۋالاش» بىر-

قەدەر قىيىن. بۇ كېسەللىك مېۋىلەرنىڭ سۈپىتىگە، مەھ-سۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دەرەخلەر-نىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە ئۆمرىگىمۇ تەسىر يەت-كۈزىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردە يېلىم ئېقىش كېسىلى پەيدا بولسا، دەرەخنىڭ غولى ۋە ئاساسىي شاخلىرىنىڭ زەخىم-لەنگەن، قوۋزىقى يېرىلغان جايلىرىدىن بىرخىل سۈزۈك، سارغۇچ شىرنىلىك سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىپ، كۈن نۇرى ۋە ھاۋانىڭ تەسىرىدە پەيدىنپەي سارغۇچ قوڭۇر رەڭگە ياكى سۇس قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ، كېيىن پارقىراق قاتتىق جىسىمغا ئايلىنىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يېلىم ئېقىش كېسىلى يېنىكرەك بولسا، دەرەخلەرنىڭ ماددا ئالماشتۇ-رۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا، مېۋىلىرىدىمۇ يېلىم پەيدا بولۇپ، مېۋىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا كې-سەللىك يۈز بەرگەن دەرەخ تۈپلىرىدە قوۋزىقى ئېچىلىپ قېلىش، غول - پۇتاقلىرى يېرىلىپ كېتىش، چالداپ كې-تىش، پۈتۈن تۈپى قۇرۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

## 1. يېلىم ئېقىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىت ۋە كېسەللىك مەنبەسى

مېۋىلىك دەرەخلەردە يېلىم ئېقىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ھازىر تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ بىرخىل ئاپەتكە ئايلان-ماقتا. ئۇنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان مەنبەسى كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) سۇ، تۇپراقنىڭ شور (تۇز) ۋە خىمىيىلىك ماد-

دىلار بىلەن بۇلغىنىشى؛

2) تۇپراقتا سىغىز، لاي پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن دەرەخ يىلتىزىغا سۇ، ھاۋا، مىنېرال ماددىلارنى ئۆتكۈز- مەسلىكى؛

3) دەرەخلەرنىڭ غول - شاخلىرىنىڭ مېخانىكىلىق زەخىملىنىشى؛

4) دەرەخ تۇۋىدە ئۇزاق ۋاقىت سۇ توختاپ قېلىش ياكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىشى؛

5) دەرەخلەرنى تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە سۇغىرىش، چاتاپ زەخىملەندۈرۈش، قىش پەس- لىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئۇششۇپ كېتىش؛

6) دەرەخلەردە قوۋزاق چىرىش، يىلتىز پۇرلىشىش كېسىلى ۋە ھاشارات ئاپىتى ئېغىر بولۇش؛

7) چاقماق زەربىسىنىڭ دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇر- ماقلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە قۇرۇتۇۋېتىشى؛

8) مېۋىلىك دەرەخلەرنى ھۆل گەندە ۋە ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن كۆپ ئوغۇتلاش قاتارلىقلار.

## 2. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرى

1) دەرەخ تۇپلىرىنىڭ ئەتراپىنى كولاپ، تۇۋىگە ئور- ناپ قالغان سىغىز، لاي - لاتقىلارنى ئېلىۋېتىپ، مۇنبەت توپا بىلەن قۇم، مۇۋاپىق مىقداردا ئورگانىك ئوغۇت ئارى- لاشتۇرۇپ كۆمۈش كېرەك.

2) دەرەخ تۇۋىگە يامغۇر سۈيى، كەلكۈن (سىغىز سۇ) سۈيى ۋە باشقا پاسكىنا سۇلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشى-

نىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3) مېۋىلەرنى تاش - توقماق، بادرا ياكى باشقا قوپال ئۇسۇللار بىلەن قېقىپ، دەرەخنىڭ غول - شاخلىرىنى زەخىملەندۈرمەسلىك لازىم.

4) دەرەخلەرنى هاۋا ئىسسىق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى ياكى تۈۋىگە سۇ يىغىلىپ قالغان كۈنلەردە چاتىماسلىق كېرەك.

5) مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلاش مىقدارى مۇۋاپىق بولۇش، بولۇپمۇ ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك.

6) دەرەخلەردە يېلىم پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، دەر-هال قىرىپ ئېلىۋېتىپ، يېلىم پەيدا بولغان ئورۇنغا 5% لىك گۈڭگۈرت سۇيۇقلۇقى 1 ئۈلۈش، هاك 5 ئۈلۈش، سۇ 30 ئۈلۈش ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەپ قويۇش ياكى 75% لىك داسۇنلىنىڭ 800 هەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم.

7) شاپتۇل، توغاچ دەرەخلىرىنىڭ مېۋىسىدە يېلىم-نىڭ كۆپرەك پەيدا بولۇشى دەرەخ تېنىدە تۆمۈر ماددىسى-نىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل-دىكى دەرەخلەرنىڭ يىلتىز ئەتراپىنى كولاپ توخۇ، كەپتەر مايىقى، كۈنجۈرە، قوي قىغىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇم بىلەن تەڭشەپ، ئۇنىڭغا ئىستانوكتىن قىرىپ چىقىرىۋې-تىلگەن تۆمۈر قىرىندىلىرىنى (بىر تۈپكە 200 — 300 گرام) ئارىلاشتۇرۇپ دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈش كېرەك. بۇ ئىشنى شاپتۇل، ئۆرۈك دەرەخلىرى چېچەكلەشتىن بۇرۇن

ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ مېۋىسى ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە ئېلىپ بارغاندا، مېۋىلەردىكى يېلىم ئېقىش كې-سىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 5. ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ۋە پەرۋىش قىلىش

**1. ئۈزۈم تېلىنى قايسى مەزگىلدە، قانداق ئۇ-سۇل بىلەن ئۇلاش كېرەك**

ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ئۈزۈم سورتلىرىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش-نىڭ پايدىسى كۆپ. ئادەتتە ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاشنىڭ ھەر-خىل ئۇسۇللىرى بار. لېكىن، قايسى مەزگىلدە ئۇلاش، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلاش مەسىلىسىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم. ئۇلاق توپى قىلىنىدىغان ئۈزۈم تاللىرى ئاساسەن قىزىل ئۈزۈم ياكى سۈپىتى ناچار يەرلىك ئۈزۈم سورتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلىنىدىغان ئەلا سورت-لاردىن يەر شارى قىزىل ئۈزۈمى، جۇپىلىڭ، ساپ مەرۋا-يىت، ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى، سايۋا ئۈزۈمى، قىزىل دا-راي كىشمىش ئۈزۈمى، قارا ئۈزۈم قاتارلىقلار بار.

**1. ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش مەزگىلى:** ئۈزۈم تېلى ئەتىياز پەسلىدىن ياز پەسلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلىنىدۇ. ئەتى-ياز پەسلىدە ئۇلاشتا، تالنى ئاچقاندىن كېيىن، يەنى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان

ئارىلىقتا نوتا ئۇلاق (شاخ ئۇلاق)، يارما ئۇلاق ئۇسۇلى بىلەن، 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىخ (كۆز) ئۇلاق، چاپلىما ئۇلاق، يارما ئۇلاق قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلىنىدۇ. مەخسۇس توڭلىتىلغان ئۇرۇق بولسا، ئەتىياز پەسلىدىكى ئۇلاق ۋاقتىنى 6-ئايلارغىچە ئۇزارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلاشقا بولىدۇ.

**2. ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ئۇسۇلى:** ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى نوتا ئۇلاق (خىپچا ئۇلاق)، يارما ئۇلاق، چاپلىما ئۇلاق، كۆز ئۇلاق (بىخ ئۇلاق) ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئەمما، ئۇلاش ئۇسۇلى ئۇلىنىدىغان ئۇلاق تۈپىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە، پىشقان-پىشمىغانلىقىغا، كۈن نۇرىنىڭ تولۇق چۈشۈش-چۈشمەسلىكىگە، ئۇلاققا سىرتقى ئامىلنىڭ زىيان سېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

1) ئۇلىنىدىغان سورتلارنىڭ نوتا (شاخ)-بىخلىرىنى تەييارلاش. ئالدى بىلەن ئۇلىنىدىغان ئەلا سورتلارنىڭ نوتا-بىخلىرىنى ئۇلاشقا تەييارلاپ قويۇش لازىم. ئۇلىنىدىغان سورتلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، ئىستېمال قىممىتى ياخشى، سۈپىتى ئەلا بولۇشى، ئۇنىڭدىن ئالغان نوتىلار توم، تولۇق پىشىپ يېتىلگەن، شۇ يىللىق تېمەن ئۆسكەن ساغلام نوتىلار بولۇشى كېرەك.

2) ئەتىياز پەسلىدە ئۇلاش. بۇ پەسلىدە نوتا (شاخ) ئۇلاق ۋە يارما ئۇلاق ئۇلىنىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇلاق تۈپى قىلىنىدىغان تالنىڭ غول-شاخلىرى يەر يۈزى بىلەن تەڭ

قىلىپ كېسىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلاق پىچىقى ئارقىلىق ئۇلىنىدىغان نوتا كېسىپ تەييارلىنىدۇ. تالنىڭ كۆتىكىنى يېرىش ياكى قوۋزىقىنى بوشىتىش ئارقىلىق ئۇلىماقچى بولغان نوتا شۇ يەرگە مەھكەم سانجىپ تېڭىپ سۇلياۋ خالتا كىيدۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلىنىدىغان تالنىڭ غولى سەل يوغان، كەسمە دىئامېتىرى بىرقەدەر چوڭ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇزخانىلاردا توڭلىتىلغان نوتىلار بولسا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 6 ـ ئايغىچە تال ئۇلاشقا بولىدۇ.

3) ياز پەسلىدە ئۇلاش. ياز پەسلىدە ئۇلىنىدىغان تال 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىخ ئۇلاق (كۆز ئۇلاق)، چاپلىما ئۇلاق، يارما ئۇلاق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئەتىيازدا تالنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇلايدىغان تالنىڭ غول-شاخلىرى توپا بىلەن تەڭ كېسىۋېتىلىدۇ. 5- ئاينىڭ ئاخىر-رىغىچە تۈۋىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار 2 — 3 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇلاش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە سورتلۇق تالنىڭ شۇ يىللىق ياش نوتىلىرىدىن ئۇلاق تۈپىنىڭ ئوخشاش (تەڭ توملۇقتىكى) دىئامېتىرلىق نوتىسىدىن كۆز (بىخ) ئېلىپ، كۆز ئۇلاق (بىخ ئۇلاق) ياكى چاپلىما ئۇلاق قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئۇلاپ مەھكەم تېڭىپ قويۇلىدۇ. ئۇ-لاپ بولغاندىن كېيىن، تۈۋىدىن چىققان نوتا ۋە شاخلارنى پۈتاپ ئېلىۋېتىش لازىم.

4) ئۇلىغان تاللارنى پەرۋىش قىلىش. تاللارنى ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن، پات ـ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇش، هارام شاخلىرىنى پۈتىۋېتىش، نوتا كۆكلەپ بولغاندىن كېيىن،

ئۇلىغان ۋاقىتتىكى تېخنىق ۋە سۇلياۋنى يېشىپ ئېلىۋېتىش لازىم. كۆكلەپ چىققان سورتلۇق تال نوتىلىرىنى كېپەن- لەپ تېخىش، يېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر تالنى ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن، ياخشى پەرۋىش قى- لىنسا، يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار يىل ئاخىرىغىچە 3 — 4 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇلىغان تاللارنى كۈزدە بۇرۇن- راق كۆمۈپ قىشتىن بىخەتەر چىقىرىش كېرەك.

## 2. ئۈزۈم تېلىنى چاتاش ۋە پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى

ئۈزۈم تېلىنى چاتاش ئۈزۈمنىڭ قەلەمچىسىدىن ئۆس- كەن كۆچەتلىرىنى چاتاش ۋە مېۋىگە كىرگەن چوڭ تۈپلى- رىنى چاتاش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۈزۈمنىڭ قەلەمچە قىلىپ تىككەن كۆچەتلىرىنى چاتاش تال كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى، پىشىپ يېتىلىشىنى ۋە مېۋىگە كىرىشىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مېۋىگە كىرگەن ئۈزۈم تېلىنى چاتاش بولسا، مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى- دۇر.

**1. قەلەمچىدىن يېتىشتۈرگەن تال كۆچەتلىرىنى چاتاپ** پەرۋىش قىلىش: تال قەلەمچىسىنى تىكىپ يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر ئادەتتە بىر يىلدا 1 — 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، تۈۋىنى يۇمشىتىش، پۇ- تاپ پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنسە، يىل ئاخىرىغىچە 1.5 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. قەلەمچى-

دىن يېتىشتۈرۈلگەن تال كۆچەتلىرىنى يىل بويى چاتاپ پەرۋىش قىلماي، شۇ پېتى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەندە غولىدىن نۇرغۇن هارام شاخلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئاساسىي غولىنىڭ بويىغا ئۆسۈشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. نەتى-جىدە بۇ كۆچەتلەرنىڭ توملۇق، ئۇزۇنلۇق جەھەتتىكى سۈ-پەت دەرىجىسى شۇ يىلى كۈز ياكى كېلەر يىلى ئەتىيازدا كۆچەتخانىدىن چىقىرىپ ئورمان بىنا قىلىشقا توشمايدۇ. شۇڭا، تال كۆچەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە چاتاپ پەرۋىش قىلىش كېرەك.

1) قەلەمچىدىن يېتىشىپ چىققان نوتىلار 15 — 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندىن كېيىن، بىر تۈپتە ئۆسۈ-شى ياخشى بولغان بىرلا نوتا قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى پۇتاپ ئېلىۋېتىش كېرەك. قالدۇرۇلغان تۈپتىكى يوپۇر-ماق قۇلتىقىدىن ۋە تۈۋىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخ - نوتىلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا پۇتاپ ئېلىۋېتىپ، ئاساسىي غولىنىڭ ساغلام، تىمەن ۋە تېز ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

2) تال كۆچەتلىرىگە 6 - ئايدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرلى-رىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا 2 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىپ ۋاقتىدا قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. ئوغۇتلاشتا، قەلەمچىنىڭ 5 — 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدىن تاپ ئېچىپ، ياخشى چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتلار (قوي قىغى، كۇنجۇ-رە، توخۇ، كەپتەر مايىقى) بىلەن ئاق ۋە قارا ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاپ بولغاندىن كې-يىن، تاپنى تەكشى تۈزلەپ ئاندىن قاندۇرۇپ سۇغىرىش

لازىم.

3) تال كۆچەتلىرىنى 9 - ئايلاردا سۇغىرىشنى توختىتىپ، غول - شاخلىرىنىڭ ئۆچىنى ياندۇرۇپ، نوتىلارنىڭ پىشىپ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا توڭ سۈيى قويۇپ، ئاندىن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم.

4) قەلەمچىدىن يېتىشتۈرۈلگەن تال كۆچەتلىرىنى ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىشتە، ئىككى يىللىقتىن يۇقىرى، غولى توم، ساغلام، بويى 3 مېتىردىن ئېگىز ئۆسكەن كۆچەتلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

**2. مېۋىگە كىرگەن ئۈزۈم تاللىرىنى چاتاپ پەرۋىش قىلىش:** مېۋىگە كىرگەن ئۈزۈم تېلىنى ۋاقتى - قەرەلىدە چاتاپ پەرۋىش قىلىش ئۈزۈم سورتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى. مېۋىگە كىرگەن ئۈزۈم تاللىرىنى چاتاپ پەرۋىش قىلىشتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم.

1) كۆز پەسلىدە چاتاش. تالنى كۈز پەسلىدە چاتاش تالنى كۆمۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۈزۈم تېلى تال جاھازىسىدىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاساسىي غولدىن قالايمىقان ئۆسۈپ چىققان شۇ يىللىق نوتىلار بىر - بىرلەپ چاتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بەزىلەر تالنى قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە چاتىغاندا، غولدىن ئۆسۈپ چىققان شۇ يىللىق نوتىلارنى 3 — 4 بىخ (كۆز) قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى چاتايدۇ، بۇنداق چاتاش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بىر شاختا 2 — 3 ساپ

ئۇزۇم چۇشىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سېپى كىچىك، قورۇلمى-
سى شالاڭ، دانىسى ئۇششاق بولغانلىقتىن ئۇزۇمنىڭ سۇ-
پىتىگە ۋە مەھسۇلاتىغا زور تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، ئۇزۇم
تېلىنى چاتاشتا، ئاساسىي غول - شاخلاردىن ئۆسۈپ چىق-
قان شۇ يىللىق نوتىلارنىڭ 1 - بىخىنى قالدۇرۇپ، قالغان
قىسمىنى چاتاپ ئېلىۋېتىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا 1 -
بىختىن چۇشكەن ئۇزۇمنىڭ سېپى چوڭ، قورۇلمىسى
زىچ، دانىسى يوغان، سۇپىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇچ شاخلى-
رىنى چاتاشنى ئەتىياز پەسلىگە قالدۇرۇش لازىم. تالنى
چاتاپ بولغاندىن كېيىن، نەم توپا بىلەن مۇۋاپىق قېلىن-
لىقتا كۆمۈپ قىشتىن چىقىرىش كېرەك.
2 ) ئەتىياز پەسلىدە چاتاش. تالنىڭ ئۇچ شاخلىرىدى-
كى ياندىن چىققان نوتىلار ئەتىياز پەسلىدە (تالنى ئاچقان-
دىن كېيىن) چاتالسا، بۇنىڭ ئۇنۇمى بىرقەدەر ياخشى
بولىدۇ. چۈنكى، تاللار قىش پەسلىدە نېپىز كۆمۈلۈپ
قالسا، بىخلىرى ئاسان ئۇششۇپ كېتىدۇ. قېلىن كۆمۈ-
لۈپ قالسا، كۆمگەندىن كېيىن سۇ كىرىپ كەتسە ياكى
تالنى ئېچىش ۋاقتى كېچىكىپ قالسا بىخلىرى سېسىيدۇ
ياكى ئېچىش جەريانىدا چۇشۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، تالنىڭ
ئۇچ شاخلىرىدىكى نوتىلارنى تالنى ئاچقاندىن كېيىن بىخ
ئەھۋالىغا قاراپ ئاندىن چاتاش كېرەك. بىخ ئورنى تولۇق،
ساغلام بولسا، غولدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلاردىن 1 -
بىخنى قالدۇرۇپ قالغان قىسمىنى چاتىۋېتىش، 1 - بىخ
ساغلام بولمىسا 2 - ياكى 3 - بىخنى قالدۇرۇپ، قالغان
قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش لازىم. تالنى چاتاپ بولغان-

دىن كېيىن، رەتلىك تاراپ باراڭغا ئېلىش كېرەك.

3) ياز پەسلىدە چاتاش. تالنى ياز پەسلىدە چاتاشتا 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 3 — 4 قېتىم چاتاپ پەرۋىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. 1 - قېتىملىق چاتاش ئۆزۈم چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن، غولدىن ئۆسۈپ چىققان (مېۋە بولمىغان) نوتىلار تۈۋىدىن چاتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. 2 - قېتىمدا مېۋە بولغان نوتىلارنىڭ شاخلىرى ئۆزۈم سېپىدىن بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ، قالغان قىسمى چاتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. 3 -، 4 - قېتىملىق چاتاشتا تالنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۈچ قىسىملىرىدىكى يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان قالايمىقان نوتىلار چاتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەگەر تال باراڭلىرىغا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۆزۈمنىڭ كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىپ قىزىرىش، تاتلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، هارام شاخلارنى چاتاپ ئېلىۋەتكەندىن باشقا، يوپۇرماقلىرىنىمۇ قىسمەن شالاڭلاشتۇرۇش لازىم. 8 - ئايلاردا ئۆزۈم تېلىنى سۇغىرىشنى توختىتىش ياكى ئازايتىش ئارقىلىق مېۋىلەرنىڭ سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 6. بېھى دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش

بېھى دەرىخىنى تىكىپ باغ بىنا قىلغاندا، ئادەتتە 4 — 5 يىلدا مېۋىگە كىرىدۇ، 10 — 15 يىلدا تولۇق يېتىلىدۇ. 40 — 50 يىل ئۇدا مېۋە بېرىدۇ. ئەگەر بېھى

دەرىخى ھەرىيلى چېچەكلەپ مېۋە بەرمىسە، بۇ، تۇپراق، سۇ، ھاۋا، يورۇقلۇق قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1) بېھى دەرىخى ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدىغان يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ، باشقا دەرەخلەر بىلەن ئارىلاش ۋە زىچ تىكىلسە ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا قالسا، چېچەكلىسىمۇ مېۋە بەرمەيدۇ. شۇڭا، بېھى دەرىخىنى كۈن نۇرى چۈشىدىغان يەرگە يۆتكەپ تىكىش ياكى باشقا دەرەخلەرنى يۆتكىۋېتىش كېرەك.

2) بېھىلىك باغنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز ئۆسكەن تېرەك، جىگدە قاتارلىق دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسى ۋە يىلتىزى بېھى دەرىخىنىڭ مېۋىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بېھىلىك باغلارنىڭ ئەتراپىغا تېرەك، جىگدە، ئۈجمە، ئاكاتسىيە قاتارلىق يىلتىزى ئۇزۇنغا بارىدىغان، ئېگىز غوللۇق دەرەخلەرنى تىكمەسلىك كېرەك.

3) بېھى دەرىخىنى چاتاپ تۇرمىغاندا، بويىغا تارتىپ كېتىپ، يېڭى مېۋە شاخلىرىنى ھاسىل قىلالمايدۇ، شۇنىڭدەك شاخ، يوپۇرماق ۋە چېچەكلىرىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ. بېھىنىڭ مېۋە - چېچەكلىرى ئوزۇققا بەكرەك ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، چېچەك مەزگىلىدە ئوزۇق يېتىشمىسە، چېچەك مېۋىلىمەيدۇ، مېۋىلىگەنلىرىمۇ يىگىلەپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، بېھى دەرىخىنى ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا چاتاش كېرەك.

4) بىھى دەرىخى ئوزۇقلۇق ماددىلار مول، يۇمشاق، مۇنبەت تۇپراقتا باراقسان ئۆسۈپ مول مېۋە بېرىدۇ، سېغىز تۇپراقلىق، شورلۇق، شېغىللىق يەرلەردە ياخشى ئۆسەلمەيدۇ. كۆپ سۇغىرىلىدىغان، قۇمساڭ تۇپراقلاردا بويىغا تارتىپ كېتىپ مېۋە بەرمەيدۇ. شۇڭا، ھەرىيلى ئەتىياز ياكى كۈز پەسلىدە دەرەخ تۈۋىدىكى قۇم، شېغىل، سېغىز، لاي - لاتقىلارنى كولاپ ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق مىقداردا قوي قىغى، توخۇ، كەپتەر مايىقى، كۇنجۇرنى مۇنبەت ئېتىز توپىسىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، چېچەكلەرنىڭ مېۋىلىشىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

5) بىھى دەرىخى چېچەكلىگەن مەزگىلدە دورا چاچماسلىق ۋە سۇغارماسلىق، ئەڭ ياخشىسى چېچەكلەشتىن 15 — 20 كۈن بۇرۇن بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش ۋە دورا چېچىش، 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوغۇتلاش، گەندە ۋە ياخشى چىرىمىگەن ئوغۇتلارنى بەرمەسلىك كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مېۋىلەرنىڭ يىگىلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6) ئۆرۈك ئالا قۇرتى، قاسىراقلىق قۇرت، گەزلىمە قۇرت، ئالما مېغىز قۇرتى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى ۋاقتىدا تولۇق يوقىتىپ، مېۋە مىقدارى ۋە مېۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

7) بىھىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش-

كه ۋە ياۋا ئامۇت كۆچىتىگە ئۇلاپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بېھىنىڭ ئۇرۇقىدىن تېرىپ يېتىشتۇرۇلگەن ياكى دەرەخ ئەتراپىدىن چىققان يۇمران كۆچەتلىرىنى يۆتكەپ تىكىپ دەرەخ قىلغاندىن كېيىن، 2 ـ يىلى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش كېرەك. 5 — 6 يىلغىچە مېۋىگە كىرمىگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بېھى دەرىخىنى مېۋە بېرىۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق سورتلۇق ئانا تۇپلەردىن خىپچا ۋە بىخ ئېلىپ ئۇلىسا، 2 — 3 يىلدىلا مېۋىگە كىرىدۇ.

## 7. ياڭاق دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش

### 1. قېرى ۋە چالداپ كەتكەن ياڭاق دەرەخلىرىنى ياشارتىش ئۇسۇللىرى

ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۆمرى ئادەتتە ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى توختىغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنسە 100 يىل، ھەتتا 200 — 300 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئەمما، بىر قىسىم ياڭاق دەرەخلىرى ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، قۇرۇق شاخلىرىنى چاتاش قاتارلىق پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى تاشلاپ قويۇلغانلىقتىن، دەرەخنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئۇچىدىكى شاخ ـ پۇتاقلار چالداپ قۇرۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، ھەتتا

مېۋە بەرمەيدۇ. بۇ خىلدىكى ياڭاق دەرەخلىرىنى قايتىدىن ياشارتىپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ۋە مەھسۇلات بېرىش ئىق-تىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

1) دەرەخ يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدىكى سېغىز، لاي - لاتقىلارنى چوڭقۇر كولاپ ئېلىۋېتىپ، ئەسلىدىكى توپىسى-نى ئالماشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇلغۇن چىمىنى، يانتاق، قوي قىغى، ئۆسۈملۈك كۆلى، يۇلغۇن كۆتەكلىرىنىڭ قالدۇق چىرىندى توپىسى، كونا تېرە پار-چىلىرى ۋە ئۆگزە توپىسى قاتارلىقلارنى تەڭ نىسبەتتىكى قۇم (ئۆستەڭ قۇمى) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ بىر يىل ئىچىدە دەرەخ تۈۋىگە 5 — 7 قېتىم سۇ قۇيۇپ، قاندۇرۇپ سۇغى-رىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى كۈزدە ياكى 3- ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن قوللىنىش لازىم.

2) قۇرۇپ چالداپ كەتكەن دەرەخنىڭ غول - شاخلى-رىنى قۇرۇپ، چالداپ كەتكەن جايدىن كېسىپ، كېسىل-گەن يەرگە لاي سۇركەپ، سۇلياۋ يۆگەپ مەھكەم تېڭىۋې-تىش كېرەك.

3) كېسىلگەن غول - شاخلاردىن بىخ سۇرۇپ چىققان يۇمران نوتىلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ، ھەربىر غول - شاخلاردا 3 دانە نوتا قالدۇرۇپ، بوراندا يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

4) يېڭىدىن چىققان نوتىلار پىشىپ ياغاچلىشىپ بول-غاندىن كېيىن (1 مېتىردىن ئاشقاندىن كېيىن) 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا شۇ نوتىلارنىڭ تۈۋىدىن 10 سانتىمېتىر

قالدۇرۇپ كېسىۋېتىپ، ئەلا سورتلۇق ياڭاقلاردىن بىخ (كۆز) ئېلىپ بىخ ئۇلاق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلاش كېرەك ۋە قىشتىن ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

5) دەرەخ تۇۋىگە كۆز پەسلىدە سۇ قۇيۇپ توڭ ياتقۇزۇش، ئۇلانغان شاخلارنىڭ ئۇچىنى ياندۇرۇش، رەخت يۆگەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن نوتىلارنىڭ ئۇششۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 2. يېڭىدىن ئۇلانغان ياڭاق دەرەخلىرىنى پەرۋىش قىلىش ۋە قىشتىن ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى

شۇ يىلى ئۇلىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنسە، ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز بولىدۇ. مەسىلەن، شۇ يىلى ئۇلاپ سورتى ياخشىلانغان ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ ئېگىزلىكى يىل ئاخىرىغىچە ئادەتتە 1.5 مېتىرغا، ئۇلانغان چوڭ ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىرغا يېتىدۇ. ئەگەر پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنمىسە ياكى دەرەخلەرنى ئۇلاپ قويۇپلا كارى بولمىسا، ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتى تۆۋەن بولغاندىن باشقا، كۆكلىگەنلىرىنىمۇ يىل ئاخىرىغىچە تولۇق ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

هازىر ياڭاق دەرەخلىرىنى ئۇلاشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللىرى ئۇلاقچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلماقتا، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ياڭاق دەرەخلىرى خىپچا ئۇلاق (شاخ ئۇلاق)، يارما ئۇلاق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلانغان

بولغاچقا، ئۈلارنى ئۈلاپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش، قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر يىللىقتىن تۆت يىللىقىچە بولغان ياڭاق كۆچەتلىرى ئاساسەن، بىخ ئۈلاق (كۆز ئۈلاق)، چاپلىما ئۈلاق ۋە يارما ئۈلاق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۈلانغان بولغاچقا، بۇلارنى پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش، قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان بولمايدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا، شۇ يىلى ئۈلانغان چوڭ - كىچىك ياڭاق دەرەخلىرى ياكى كۆچەتلەر بولسۇن ئۈلارنىڭ پۈتۈن يىللىق پەرۋىش ئىشلىرىنى باشتىن - ئاخىر ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۈلىغان ۋاقىتتىكى تېڭىقنى دەل ۋاقتىدا يېشىش، چاتاش، پۈتاش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، قايتىدىن كېپەنلەپ تېڭىش، ئۈچىنى ياندۇرۇش، تۈۋىنى يۇمشىتىش، ئوتاش، توڭ سۇيى قويۇش، ئۇششۇكتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش قاتارلىقلار. ئۈلانغان ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەپ مېۋىگە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1) تېڭىقنى ۋاقتىدا يېشىۋېتىش كېرەك. خىيچا ئۈلاق (شاخ ئۈلاق، نوتا ئۈلاق) ئۇسۇلىدا ئۈلانغان چوڭ - كىچىك ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈلاق ئورنى قوۋزاق بىلەن ياغاچ قىسمىغا جىپسىلىشىپ، ئۈلاق تۈۋى پۈتكەندىن كېيىن، نوتا بىخ سۈرۈپ 25 — 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۈلىغان ۋاقىتتىكى سۇلياۋ خالتىنى ۋە گېزىت قەغىزىگە قاچىلانغان توپىنى ئاۋايلاپ ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن،

ئۆلاش ۋاقتىدا تاڭغان تېڭىقنى بىراقلا ئېلىۋەتمەي بوشى-
تىپ قويۇش لازىم. نوتا ئۆسۈپ 50 — 60 سانتىمېتىرغا
يەتكەندىن كېيىن، تېڭىقنى پۈتۈنلەي يېشىپ ئېلىۋېتىپ،
ياندىن ۋە تۈۋىدىن ئۆسۈپ چىققان هارام شاخلارنى ئېلىۋې-
تىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېۋىلەپ چىققان ياڭاق-
لارنى ئۈزۈۋېتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۆلانغان
ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئەي بولۇش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرگىلى،
نوتىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى
بولىدۇ.

2) نوتىلارنى كېپەنلەپ تېڭىش كېرەك. ئۆلىغان
ۋاقىتتىكى تېڭىقنى يېشىپ ئېلىۋېتىش بىلەن بىللە، نوتى-
لارنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كې-
پەنلەپ تېڭىش كېرەك. ئۆلىغان ياڭاقلارنىڭ چوڭ - كى-
چىكلىكى، نوتىلارنىڭ ئۆسۈش ئېھتىماللىقىغا قاراپ هەر-
بىر تۈپ دەرەخكە 2 — 3 ياكى 4 — 5 تالدىن مۇۋاپىق
ئۇزۇنلۇقتا بادرا تەييارلاپ، ياڭاقنىڭ ئەسلىدىكى غولىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمىغا سىم ياكى چىگە بىلەن چىگىپ، بادرىنىڭ
ئۇزۇنلۇقىنى نوتىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن 1 مېتىر ئاشۇ-
رۇپ، ئارىغا ئېلىپ چىڭ كېپەنلەش لازىم. بۇ ئۇسۇل
بىلەن ئۆسۈۋاتقان نوتىلارنىڭ يەرگە ساڭگىلاپ قېلىش،
يېرىلىپ كېتىش، بوراندا سۇنۇپ كېتىش قاتارلىق ئەهۋال-
لاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

3) پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش كې-
رەك. خىپچا ئۆلاق (شاخ ئۆلاق، نوتا ئۆلاق) ئۇسۇلىدا
ئۆلانغان ياڭاق دەرەخلىرى ئۆلانغان كۈندىن تارتىپ، نوتى-

لار 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكۈچە سۇغىرىلمايدۇ. ئەگەر شۇ دەرەخنىڭ گىيزىت قەغىزىگە چىڭقالغان نەملىك توپىسى قۇرۇپ قالغان بولسا، ۋاقتىدا نەم توپىغا ئالماشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ياڭاق دەرەخلىرى ئۆلانغاندىن كېيىن سۇغىرىلسا، گىيزىت قەغىزىگە چىڭدالغان توپا ياڭاق دەرىخىنىڭ كېسىپ ئۆلىغان يېرىدىن كۆپلەپ سۇ چىقىرىش نەتىجىسىدە لايغا ئايلىنىپ توپا ئىچىدىكى كۆكلەش ئالدىدا تۇرغان نوتىلار ئاسانلا سېسىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ياڭاق دەرىخى بەزىدە پۈتۈن تۈپى بىلەن قۇرۇپ كېتىدۇ. سۇغىرىش توغرا كەلسە، ئۆلانغان نوتىلار كۆكلەپ گىيزىت قەغىزىگە چىڭدالغان توپا ئېلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن سۇغىرىش كېرەك، چاپلىما ئۆلاق، كۆز (بىخ) ئۆلاق ئۇسۇللىرىدا ئۆلىغان ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ تېڭىقلىرىنىمۇ ۋاقتىدا يېشىۋېتىش لازىم. ئۆلانغان ياڭاق كۆچەتلىرى بىر يىلدا 6 — 7 قېتىم سۇغىرىلسا، 3 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلسە، 4 — 5 قېتىم تۈۋى يۇمشىتىلسا ۋە 1 — 2 قېتىم چاتاپ پەرۋىش قىلىنسا يىل ئاخىرىغىچە 1.5 مېتىر، ھەتتا 2 مېتىرغا يېتىدۇ.

ئۆلانغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ياڭاق دەرەخلىرى يىل ئاخىرىغىچە 3 — 5 قېتىم سۇغىرىلسا، 1 — 2 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلسە، ئۆسكەن ئۆلاق نوتىلىرى ۋاقتىدا چاتاپ تۇرۇلسا، يىل ئاخىرىغىچە 3 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. كېلەر يىلى رەسمىي مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ. شۇڭا، ئۆلانغان ياڭاق كۆچەتلىرى بولسۇن ياكى چوڭ دەرەخلەر بولسۇن، يازلىق پەرۋىش ئىشلىرىنى ياخشى

ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4) ئۇششۇكتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. نوتا ئۈلاق (شاخ ئۈلاق، خىپچا ئۈلاق) ئۇسۇلىدا ئۈلانغان ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئۆسۈشى بىرقەدەر تېز، غولىنىڭ دىئامېتىرى بىرقەدەر چوڭ ھەم باراقسان ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نوتىلارنىڭ ئۇچ شاخلىرى تولۇق پىشىپ ياغاچلىشىپ بولالمىغاچقا قىشتا ئاسانلا ئۇششۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. ئۈلانغان ياڭاق كۆچەتلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەيلى چوڭ - كىچىك دەرەخلەر بولسۇن، ئۈلىغان ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسىگە قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. بۇنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى كۈز پەسلىدە تولۇق سۇيى قويۇش، 9 - ئايدا ئۇچىنى ياندۇرۇپ غولىنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بىر قېتىم ئۇچىنى ياندۇرۇپ، پاختا رەختلەر بىلەن نوتىلارنىڭ غولىنى تېڭىش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بىخەتەر قىشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. لېكىن، دەرەخلەرنى سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار بىلەن تېڭىشتىن ساقلىنىش لازىم. تېڭىقلارنى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېلىۋېتىش كېرەك.

## 8. ئۆرۈك دەرىخىنى كۈزدە چاتىغانىنىڭ پايدىسى كۆپ

ئۆرۈك ئۆستۈرۈۋاتقان رايونلاردا ئۆرۈك دەرىخىنى

چاتاپ پەرۋىش قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئۆرۈك دەرىخىنى چاتاش ئۆرۈك كۆچىتىنى تىككەن 2 - يىلدىن باشلاپ، ئۆرۈك دەرىخى ئوتتۇرا ياشقا بارغۇچە ئارىلىقتا ھەريىلى چاتاپ پەرۋىش قىلىنسا، ئۇنىڭ مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) ئاساسىي غولىنىڭ ئۆسۈشى تېز، مېۋە شاخلىرىنىڭ يېتىلىشى ياخشى، مېۋىگە كىرىش مەزگىلى بالدۇر بولىدۇ.

2) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاسان، يوقىتىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ.

3) تۇپراقتىن سۇ ۋە مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈشى راۋان، چېچەك ۋە مېۋىلەرنىڭ يىگىلەپ كېتىشى ئاز، چوڭىيىشى تېز، دانىسى چوڭ، سۈپىتى ياخشى بولىدۇ.

4) يېلىم پەيدا بولۇش، قوۋزاق چىرىش، قۇرت- ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5) دەرەخ ئارىسىدىكى بوش، بىكار يەرلەرگە پاكار غوللۇق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ.

# IV باب مېۋىلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى

## 1. خەلقئارادا بازىرى ئىتتىك ئالتە خىل قۇرۇق مېۋە

نۆۋەتتە خەلقئارادا ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان بادام، پىستە، ياڭاق، چىلان، ئۆرۈك قېقى، ئۈزۈم قاتارلىق 6 خىل قۇرۇق مېۋىگە بولغان ئېھتىياج كۆپ، بازىرى ئىتتىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولماقتا.

### 1. بادام

بادام دەرىخى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قۇرۇق مېۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان دەرەخلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان داڭلىق دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مېغىزىنىڭ ماي چىقىش نىسبىتى 61% كە يېتىدۇ، ئۇنىڭ مېغىزى تېبابەتچىلىك، يېنىك سانائەت ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتىدە مۇھىم خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئاپتونوم

رايونىمىزدىن چىقىدىغان بادام مېغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ماي تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بادام مېغىزى-نىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشبۇي، ئوڭاي ھەزىم بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

بادام مېغىزى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قۇۋۋەتلەندۇر-گۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ خىل كېسەللىك-لەرگە داۋا بولىدۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا، مەملىكى-تىمىزدە ۋە خەلقئارادا بادام مېغىزى بىلەن بادام يېغىغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ، باھاسىمۇ ئىنتايىن يۇقى-رى، ئىستىقبالى كەڭ، ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆلەم شەكىللەنمىگەنلىكتىن مەھسۇلاتى ئاز بولۇپ، بازار ئېھتى-ياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

### 2. پىستە

پىستە بىرخىل قىممەتلىك ياغاچ غوللۇق مايلىق دە-رەخ. مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە ماي ۋە ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلار مول. تەركىبىدىكى ماي مىقدارى 62% كە، ئاق-سىل تەخمىنەن 20 — 22% كە، قەنت 9 — 13% كە يېتىدۇ. قورۇق مېۋىسىنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى تات-لىق بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىنىدۇ، مېغىزىدىن ئالىي دەرىجىلىك ياغ ئې-لىنىدۇ، پىستە يېغىنىڭ رەڭگى ئاچ سېرىق، پۇراقلىق،

تەمى تاتلىق بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن باشقا خىمد-يىۋى سانائەت ۋە تېببىي دورىگەرلىكتىمۇ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

### 3 . ياڭاق

ياڭاق ئىقتىسادىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئەتىۋارلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى. مېغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ماي چىقىش نىسبىتى 63 — 78٪ كىچە بولۇپ، تەملىك، ئەلا سۈپەتلىك ئىستې-مال مېيى ھېسابلىنىدۇ، ياڭاق مېغىزىنىڭ ئىستېمال قى-لىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنى قۇرۇق ئىستېمال قىلىشقىمۇ، دورا ياساشقىمۇ، سانائەتتە ئىشلى-تىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن قۇۋۋەت دورىسى ئورنىدا ئىستېمال قىلىنغاندىن باشقا، مىللىي ۋە جۇڭيى تېبابەت-چىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ياڭىقىنىڭ مېغىزى توق، ماي چىقىش نىسبىتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بول-غاچقا خەلقئارا بازارلاردا ئەتىۋارلىق مەھسۇلات دەپ قارال-ماقتا.

### 4 . چىلان

چىلان كۆپ تەرەپلىمە مەھسۇلات بېرىدىغان بىرخىل ياغاچ غولluq ئىقتىسادىي دەرەخ، ئۇنىڭ چېچىكى، مېۋد-سى، ئۇرۇقى، مېغىزى، شۆپۈكى، يوپۇرمىقى، ياغىچى، قوۋزىقى قاتارلىق ھەممە يېرى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تېبابەتچىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشىدا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. چد-

لاننىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، مېۋىسىنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقىمۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. چىلان مېغىزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئۇ دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر. چىلان مېۋىسىدە ھاراق، ئاچچىقسۇ، چىلان تالقىنى، چىلان تورتى، چىلان قىيمىسى، چىلان شەربىتى، مۇئەتتەر قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولىدۇ.

چىلان دەرىخىنىڭ قۇرغاقچىلىققا، شورغا، قۇمساڭ تۇپراققا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئورمان بىنا قىلىپ كۆپەيتمەك ئاسان، بالدۇر مېۋىگە كىرىپ يىلمۇيىل يۇقىرى مەھسۇلات بېرىدۇ.

## 5. ئۆرۈك

ئۆرۈك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرقەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، تەمى تاتلىق، ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقىمۇ ياكى قۇرۇتۇپ قېقىنى ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى ئاسان، ئېھتىياج كۆپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات بولغاچقا، ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ يۇقىرى، شۇڭا ئۇ شىنجاڭنىڭ مېۋىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئوزۇقلۇق ماددىلار ئېتىگە قارىغاندا مېغىزىدا تېخىمۇ

مول بولىدۇ. ئۆرۈك مېۋىسى تەركىبىدە يەنە كۆپ مىقداردا كاروتىن بولىدۇ، ئېتى ۋە مېغىزى تەركىبىدە ۋىتامىن E ناھايىتى مول. ئېتىدىن ئۆرۈك خورمىسى، ئۆرۈك شەربە- تى، ئۆرۈك مۇراببىاسى، ئۆرۈك كونسېرۋاسى قاتارلىقلار- نى ئىشلەپچىقارغىلى، مېغىزىدىن ماي ئايرىۋالغىلى، يې- مەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئۆرۈك مېغىزى مېيىدىن سانائەتتە ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى، سىر، ئالىي دەرىجىلىك چاچ سوپۇنى ۋە ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۆرۈكتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېرى- دارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

## 6. ئۈزۈم

ئۈزۈم ھۆل ئىستېمال قىلغىلى ھەم قۇرۇتقىلى بولى- دىغان مېۋە بولۇپ، ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ياخشى خام ئەشيا- سى. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، C ۋە كاروتىن قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى. سىركە، شەربەت، شىرنە، ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تەييارلانغان بۇ خىل شىرنە، شەربەتلەر بەدەنگە ئوزۇق بولۇش، قۇۋۋەت بېرىش، قاننى كۆپەيتىش، قاننى تازىلاش، بەدەننىڭ ھۆل- لۈكىنى تولۇقلاش، جىگەر، بۆرەك، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنىڭ نورمال ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ماددا ئالمى- شىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئى-

گە. ئۈزۈم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازىرى ئىتتىك مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تۈرى كۆپ، تەمى تاتلىق ھەم شېرىن، رەڭگى چىرايلىق، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. شىنجاڭ ئۈزۈمى خەلقئارا بازاردا داڭلىق مەھسۇلات، كۆك، سېرىق، ئۈرۈقسىز كىشمىشلەر خەلقئارا بازارلاردا قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئادەتتىكى سورتلارغا سېلىشتۇرغاندا يۇقىرى.

يۇقىرىقى 6 خىل مېۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى بولۇپ، زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلا بولساق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا بازىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق 6 خىل ھۆل مېۋە

شىنجاڭدىن چىقىدىغان باغۋەنچىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بادام، پىستە، ياڭاق، چىلان، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق 6 خىل مېۋە خەلقئارا بازاردا ئۆزىنىڭ رىقابەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلغاندىن باشقا، ئالما، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق 6 خىل ھۆل مېۋە شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا بازارلىرىدا ئۆزىنىڭ «كارامىتى» نى كۆرسەتمەكتە. شىنجاڭنىڭ بۇخىل مېۋە ـ

چىۋىلىرىنىڭ سورتى ئەلا، تۈرى ھەرخىل، سۈپىتى ياخ-شى، رەڭگى كۆركەم، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئىقتىسا-دىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، خېرىدارلارنى ئۆزىگە ئالاھى-دە جەلپ قىلماقتا. شەرقىي، جەنۇبىي ئاسىيا بازارلىرىدا بۇ خىل مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج كۆپ بولۇپلا قال-ماستىن، بەلكى خەلقئارا بازارلاردىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئېھ-تىياج جىددىي بولماقتا. شۇڭا، بۇخىل مېۋىلەرنى ئىشلەپ-چىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ بولۇپ، خەلقنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 1. ئالما

ئالمىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، تەمى تاتلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، كۆپ ئىستې-مال قىلىنىدىغان مۇھىم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە مېۋى-لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالمى-نىڭ نۇرغۇن تۈر ۋە سورتلىرى ئۆستۈرۈلمەكتە. شىنجاڭ ياۋا ئالمىسىنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ. غۇلجا ئالمى-سى سورتىنىڭ كۆپ خىللىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر.

ھازىر ئىچكىرىنىڭ ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇنلىغان ئالما سورتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلۈپ كۆلەملىك باغ بىنا قىلىنماق-تا. ئۇنىڭ مېۋىلىرى شىنجاڭنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاند-

دۆرغاندىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋ- مېن بازارلىرىدا سېتىلماقتا. جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىد- سىم دۆلەتلەرگىمۇ كىرگۈزۈلمەكتە. مېۋە - چېۋە پىش- شىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە ئالمىنىڭ مېۋىسىدىن كونى- سېرۋا ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى يالپاقلاپ ئالما قورۇ- مىسى، پوستىنى ئاقلاپ، توغراپ ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق ئالما قېقى تەييارلىنىدۇ. مىللىي تېبابەتچىلىكتە ئالما مۇ- راببىاسى، ئالما شەربىتى، ئالما قېقى مۇراببىاسى تەييارلى- نىدۇ. ئالمىنى ساقلاش، يۆتكەش ۋە قاچىلاش ئاسان. سورت ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنسا، ئۇنى يەشىكلەرگە قاچىلاپ ئىچكىرىگە ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە كىرگۈزۈش ئار- قىلىق كۆپلەپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. ها- زىر بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئالمىغا بولغان ئېھتىياجى يىلدىن - يىلغا ئاشماقتا.

## 2 . نەشپۈت

ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشپۈت (ئامۇت) ئۇرۇقدىشىغا مەنسۇپ توققۇز تۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورتى 50 خىلدىن ئاشىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈپ ئۆستۈرۈلگەن نەشپۈت (ئامۇت) سورتلىرىنى قوشقاندا 100 خىلدىن ئا- شىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئەلا سورتلاردىن كورلا نەش- پۈتى، چىپان نەشپۈتى، داڭسەن نەشپۈتى، يالى نەشپۈتى قاتارلىقلار بار.

نەشپۈت كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان، شۇنداقلا ھەر- خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان بىرخىل ھۆل مېۋە

بولۇپ، كىشىلەر ئەتىۋارلاپ يەيدىغان باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى.

نەشپۈت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆل يېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدا 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۆستۈرۈلۈش تارىخىغا ئىگە. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئاساسلىقى بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كۆپرەك ئۆستۈرۈلگەندىن باشقا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلاردىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە.

كورلا شەھىرى بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى مەشھۇر «كورلا نەشپۈتى» ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. كورلا نەشپۈتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەرگە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن بازارلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە سېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خېرىدارى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، باھاسىمۇ يىلدىن - يىلغا ئۆرلەپ، كۆپلەپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىلدى.

### 3. ئانار

شىنجاڭ ئانىرى سورتلىرىنىڭ سەرخىللىقى، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، پوستىنىڭ كۆركەملىكى، دانىسىنىڭ رەڭدارلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ موللۇقى، شىپالىق ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىلا داڭلىق بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇن-

ياغىمۇ مەشھۇر.

ئانارنىڭ سورتلىرى تاتلىق ئانار، ئاچچىق (ناخۇش) ئانار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككى سورتى مىللىي تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنغاندىن باشقا، تاتلىق ئانارىدىن ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكىدە ئانار شەربىتى، چېچەكىدىن ئانار گۈلقەنتى (ئانار مۇراببىاسى) ياسىلىدۇ. بۇلار كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

شىنجاڭ ئانار ئۆستۈرۈشتە 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئانارلىق باغلارنىڭ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلمەكتە. ھازىر خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردا مول ھوسۇللۇق ئانارلىق باغلار مەيدانغا كەلمەكتە، شىنجاڭدا ئانارلىق باغلارنىڭ مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. ھازىر ئانار مەھسۇلاتلىرى تاۋارغا ئايلىنىپ شىنجاڭدىكى ئانار ھارىقى زاۋۇتى، «ئانار شەربىتى» ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئانار ئىشلەپچىقارغان دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرمەكتە. شۇڭا، ئەڭ مۇھىمى ئانار مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، تاۋارلىق ئۇنۇمىنى ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ.

### 4. ئەنجۈر

ئەنجۈر ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، دورىلىق خۇسۇسى-

يىتى داڭلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دانىسى چوڭ، رەڭگى كۆركەم، ئېتى سۇلۇق، تەمى تاتلىق ۋە شېرىن، پۇرىقى ئۆزگىچە خۇشبۇي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە ئاسانلا جەلپ قىلغاچقا، يەپ ھۇزۇرلانـ غانلار ئۇنى «بېھىشتىن چىققان مېۋە» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ئەنجۈرنىڭ تۇخۇمسىمان سېرىق ئەنجۈر، كىچىك سېـ رىق ئەنجۈر، شىنجاڭ چىلگە ئەنجۈرى، شىنجاڭ سېرىق ئەنجۈرى، جاغدا ئەنجۈر قاتارلىق 8 خىل سورتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە. شىنـ جاڭنىڭ ئەنجۈر ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ئەنجۈر ئىشلەپچىقىرىش بازىـ سى بولۇپ قالماقتا. شىنجاڭنىڭ ئەنجۈرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە داڭلىق، سۈپىتىمۇ ياخشى.

ئاتۇش ئەنجۈر ئۆستۈرۈشتە 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەنجۈر ئۆستۈرۈشتە تارىخى ئۇزاق بولۇپلا قالماي، ئەنجۈرلۈك باغلارنىڭ كۆلىمى كەڭ، مەھـ سۇلات مىقدارى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلات قىممىـ تى يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئەنجۈر تېبىبي دورىگەرلىك، يېمەك ـ ئىچمەك يېنىك سانائەت ئىشلەش سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشـ ياسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئېسىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ دورىـ لىق ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئەنجۈر ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان

مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تە-
رەققىيات مەسىلىسى جىددىي بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئەنجۇر-
لۈك كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇ-
رۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا
ئاساسەن، ئىلغار ئۇسكۇنە ۋە ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلى-
نىپ، ئەنجۇر مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتى-
دارىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 5. قوغۇن

قوغۇننىڭ سورتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قوغۇن
تېرىش كۆلىمىمۇ كەڭ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخ-
شى، تەمى ئىنتايىن تاتلىق. شىنجاڭدا قوغۇن تېرىش
2500 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، تاغلىق رايون-
لارنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈزلەڭلىكلەردىكى ھەرقايسى ۋىلا-
يەت، ناھىيە ۋە شەھەرلەردە قوغۇن - تاۋۇز كۆپ تېرىلى-
دۇ، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتار-
لىق ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردا، تۇرپان، قۇمۇل، پىچان،
توقسۇن، پەيزاۋات، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، قارىقاش،
كېرىيە، لوپ، چىرىيە، گۇما قاتارلىق ناھىيە ۋە شەھەر-
لەردە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنلىرى-
نىڭ ھەرقايسى تۇەن - مەيدانلىرىدا ئەڭ كۆپ تېرىلىدۇ.
شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى قوغۇننىڭ تېرىلىش كۆلىمى 1
مىليون مودىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدا تېرىلىدىغان ئاساسلىق
قوغۇن سورتلىرىدىن چىلگە قوغۇن، ناشپەكەر، بەگزادە،
ئاقناۋات، قارا كۆكچى، سېرىق كۆكچى، تاران كۆكچى،

سېرىق مىجىگەن، قارىقاش مىجىگەن، قارا قوغۇن، قوتۇر كۆكچى (بوز كۆكچى)، ئاق چاپان، كۆزلۈك كۆكچى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ سورتلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. پەيزاۋات، قۇمۇل قوغۇنلى-رىنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدە داڭقى بار. ھازىر پەيزاۋات، قۇمۇل، پىچان قاتارلىق كۆپلىگەن ناھىيە ۋە شەھەرلەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۈپەتلىك قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىنىدى. بۇ رايونلاردا 2000 - يىلىدىن باشلاپ پارنىكتا قوغۇن ئۆستۈرۈپ مەم-لىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى سۈپەتلىك قو-غۇن مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇن سورتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى دانىسى چوڭ، سۈپىتى ياخشى، كۆرۈنۈشى كۆركەم، ئېتى قېلىن، تەمى تاتلىق، قەنت تەركىبى يۇقىرى، قاچىلىنىشى پۇختا، توشۇشقا چى-داملىق، ساقلاش ئاسان بولۇشتەك كۆپ خىل ئالاھىدىلىك-لەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن قارشى ئې-لىشىغا ئېرىشمەكتە.

ھازىر قىسمەن ئورۇنلار ئىشلەپچىقارغان قوغۇننىڭ سۈپەت، تەم مەسىلىسىدە چېكىنىش يۈز بەرمەكتە. بۇ، قوغۇن پېلەكلىرىنى ئوغۇتلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قوغۇننى كۆنجۈرە، بۇيا، يۇلغۇن چىمىنى بىلەن ئوغۇتلى-سا، كۆپ ھوسۇل ئالغىلى، قوغۇننىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى ئاشۇرغىلى، تاتلىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرگى-

لى بولىدۇ. شۇڭا، قوغۇننى ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 6. تاۋۇز

تاۋۇز شىنجاڭدا خېلى بۇرۇندىن تارتىپ تېرىلىپ كېلىنىۋاتقان يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. قوغۇن تېرىشقا باب كەلمەيدىغان يېنىك شورلاشقان يەرلەر تاۋۇز تېرىشقا باب كېلىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدا تاۋۇزنىڭ تېرىلىش كۆلىمى بىرقەدەر كەڭ، ھەتتا يېرىم تاغلىق رايونلاردىمۇ تاۋۇز تېرىلىدۇ.

شىنجاڭدا تاۋۇزغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ. ھەممە كىشى دېگۈدەك تاۋۇز ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، تاۋۇزنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، كېسەل مىكروبلىرىنى ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىم قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۈرەك مۇسكۇللىرى قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا شىپالىق رولى بار. شۇڭا، تاۋۇزنى كۆپ يېيىش سالامەتلىككە پايدىلىق.

ھازىر شىنجاڭدا تېرىلىۋاتقان تاۋۇزلارنىڭ سورتلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، پىشىش مەزگىلى، شاپىقىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكى، ئېتىنىڭ رەڭدارلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇلار ئاساسلىقى يازلىق تاۋۇز ۋە قىشلىق تاۋۇز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يازلىق تاۋۇز بالدۇر تېرىلىدۇ، ئېغىرلىقى 4 — 5 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ،

بالدۇر پىشىدۇ. شاپىقى نېپىز، ئەتلىك ۋە سۇلۇق بولىدۇ، يۇتكەشكە سەل چىدامسىز كېلىدۇ. قىشلىق تاۋۇز كېيىنرەك تېرىلىدۇ، ئېغىرلىقى ئادەتتە 5 كىلوگرام، ھەتتا 8 — 9 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇپ، كېيىنرەك پىشىدۇ. شاپىقى قېلىن، يۆتكەشكە، ساقلاشقا چىداملىق بولۇپ، ئۇنى كېلەر يىلى 2- ئايلارغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

تاۋۇز شورغا، نەملىككە ۋە يامغۇرغا چىداملىق بولۇپ، كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ مۇنبەت يەرگە تېرىلسا ھەمدە پەرۋىش قىلىش، ئوغۇتلاش ئىشلىرى ۋاقتىدا ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، مەھسۇلاتىنى ئادەتتىكىدىن 20 — 30% ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ھازىر بەزى كىشىلەر تاۋۇزنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرىمىز، دەپ ئازوتلۇق ئوغۇت (ئاق ئوغۇت) نى كۆپ ئىشلەتكەچكە، تاۋۇزنىڭ تەمىدە مەسىلە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگە ھەم خېرىدارلارغا پايدىسىز. قوغۇن - تاۋۇزلارغا ئازوتلۇق ئوغۇت ئىشلەتمەي، ئورىيە (قارا ئوغۇت) ياكى ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەندە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى ھەم تەمىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىشلەپچىقارغان قوغۇن - تاۋۇز مەھسۇلاتلىرىغا بازار تاپقىلى ۋە كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ.

## 3. ئۆرۈكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى

ئۆرۈك ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان

ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 8 — 12 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقان قەدىمكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى، تارىخىي ماتېريال-لارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئۆرۈك ئۆستۈرۈشتە 2800 — 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ بۇرۇندىنلا «ئۆرۈك ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۆرۈك غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ شىنجاڭ ئارقىلىق تارقالغان. مىلادىيەدىن 140 يىل بۇرۇن جاڭ چيەن غەر-بىي رايوندىن ئۆتكەندە، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقىنى هازىرقى ئىرانغا ئېلىپ بارغانلىقى، كېيىن ئۆرۈكنىڭ كاپكاز رايونىغا ۋە ياۋروپاغا تارقالغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن. ئىلى تاغلىق رايونى، توققۇزتارا، قورغاس، چاغانتوقاي، تولى قاتارلىق جايلاردا هېلىمۇ كەڭ كۆلەملىك ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ئالما، ياۋا بادام، ياۋا ياڭاق ئارىلاش ئۆسكەن قەدىمكى ياۋايى مېۋىلىك ئورمان تېپىلىرى ساقلانماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆرۈكنىڭ سورتلىرى ناهايىتى كۆپ. ئالاهىدە سورتلارنىڭ دانىسى چوڭ، رەڭگى كۆر-كەم، سۈپىتى ئەلا، ئېتى يۇمشاق، تەمى تاتلىق هەم شې-رىن، پۇرىقى خۇشبۇي، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، دورد-لىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، هەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قى-لىدىغان بىرخىل ئېسىل مېۋىدۇر.

ئۆرۈكنىڭ تەبىئىتى هۆل سوغۇق بولۇپ، هەر 100 گرام مېۋە تەركىبىدە 0.9 گرام ئاقسىل، 10 گرام

قەنت، 26 مىللىگرام كالتسىي، 24 مىللىگرام فوسفور، 0.8 مىللىگرام تۆمۈر، 1.79 مىللىگرام كاروتىن ۋە ۋىتامىن $B_1$ ، $B_2$ ، C ، PP ، $B_{12}$ قاتارلىق ماددىلار بار.
ئۆرۈك ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىنغاندىن باشقا، مىللىي تېبابەتچىلىكتە ئۇنىڭ قېقى (گۆلىسى)، مېغىزى، چېچى-كى، يوپۇرمىقى، يىلتىزى، يېلىمى، يېغى قاتارلىقلار دورا قىلىنىدۇ، ئۆرۈك مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىنسا قۇ-رۇق ئىسسىقنى ھەيدەپ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى قاتتىقلىقنى يۇمشىتىش، ئۆپكە خىزمىتىنى ياخشىلاپ نە-پەسلىنىشنى نورماللاشتۇرۇش، يېڭى خىلىت پەيدا قى-لىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، كۆپ تەرلەشنى توختى-تىش، راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خۇسۇ-سىيەتلەرگە ئىگە. ئۆرۈكنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھا-يىتى كەڭ بولۇپ، ئۆرۈك قېقى (گۆلە) قورۇتقىلى، ئۆرۈك خورمىسى ياسىغىلى، يېمەكلىك سانائىتىدە ئۆرۈك غورىسى مۇرابباسى، ئۆرۈك غورىسى شەربىتى، ئۆرۈك كونسېرۋاسى، ئۆرۈك بالقېقى، ئۆرۈك قىيامى، ئۆرۈك ھارىقى، كەمپۈت قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بو-لىدۇ. ئۆرۈك مېۋىسى تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كاروتىن (ھەر 100 گرامدا 1.79 مىللىگرام) بولۇپ، كاروتىنى-نىڭ كۆپلۈكىدە مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا «كا-روتىن» دېگەن بۇ ماددا ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ئوزۇق-لۇق جەھەتتە ۋىتامىن A دىن يۇقىرى تۇرىدىكەن. كارو-تىن ئۆسمىنىڭ شەكىللىنىشىنى توسۇشتا ۋىتامىن A دىنمۇ

ئۇنۇملۇك بولۇپ، ئۇ رادىئاتسىيە ۋە بىنەپشە ئىنفرا نۇرى-نىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتا-لايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھۈجەيرە ۋە ئورگانىزملارنىڭ قې-رىشىنىمۇ كېچىكتۈرەلەيدىكەن. ئۆرۈك مېغىزى بولسا، راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۇنۇملۇك دورا ھېسابلى-نىدىكەن. چۈنكى، ئۆرۈك مېغىزى تەركىبىدە ئامىگدا-لىن ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، بۇ ماددىلار ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن، راكتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەھەتتە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك رول ئويناپ، راك كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلالايدىكەن.

تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ مول. ھەر 100 گرام ئۆرۈك مېغىزىدا 24.9 گرام ئاقسىل، 50 گرام ياغ، 8.5 گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، 8.8 گرام يىرىك تالا، 3 — 4 گرام كۈل، 140 مىللىگرام كالتسىي، 352 مىللىگرام فوس-فور، 5.1 مىللىگرام تۆمۈر ۋە كاروتىن، ۋىتامىن قاتار-لىقلار بار. تاتلىق مېغىزنىڭ مېيى ئەلا سۈپەتلىك ئىستې-مال مېيى ھېسابلىنىدۇ، ئۆرۈك مېغىزى ۋە ئۇنىڭ يېغى-دىن سانائەتتە ئۆرۈك مېغىزى تالقىنى (مېغىز پارا-شوكى)، پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىشقا، دورىگەر-لىكتە دورا ياساشقا، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سىلىقلاشتۇ-رۇش مېيى ياساشقا، چاچ ئۆستۈرۈش دورىسى، سىر، يۈز مېيى، گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.

ئۆرۈكتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار مەملى-كەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ بازارغا ئىگە. شىنجاڭدا ئىش-لەنگەن ئۆرۈك خورمىسى، قەنتلەشتۈرۈلگەن ئۆرۈك قې-قى، گۆشگۆرت يېغى بىلەن ئىسلانغان گۆلە، كونسېرۋا، مېغىز پاراشوكى، ئۆرۈك مېغىزىدىن گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلى-شىغا ئېرىشمەكتە.

ئۆرۈكنىڭ چېچىكى، قوۋزىقى، يىلتىزى ۋە يېلىمى قاتارلىقلارمۇ مەلۇم دورىلىق قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ يوپۇر-مىقىدا ئاقسىل، ماي، يىرىك تالا قاتارلىق ماددىلار مول بولۇپ، چارۋىلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى يەم - خەشەك ھېسابلىنىدۇ. ئۆرۈك ياغىچىدىن ئۆي جاھازلىرى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى (قوشۇق، تاۋاق) قاتارلىقلارنى يا-ساشقا بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۆرۈكلۈك كۆلىمىنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چىقىدىغان ئۆرۈك مەھسۇلاتى-نىڭ 88% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۇچا، توقسۇن، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، باي، ئى-لى، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، لوپ، كورلا، چىرا، كېرىيە قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە تاۋار بازىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ئەلا سورتلارنىڭ سانى 50 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇ-

مىي ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ 75% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن ئۆرۈك سورتلىرىدىن 40 خىلدىن كۆپرەك سورت بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ھەممە يېرى گۆھەر بولۇپ، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىدا، مېدىتسىنا، قوشۇمچە يېمەكلىك، دورا ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتىدە يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، شىنجاڭدا ئۆرۈك ئۆستۈرۈشنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى كەڭ. تەبىئىي شارائىتى ئۆرۈك ئۆستۈرۈشكە باب. مەھسۇلاتنىڭ تاۋارلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېچىپ پايدىلىنىشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

## 4. شاپتۇلنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە دورىلىق خۇسۇسىيىتى

شاپتۇل ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 — 7 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ.

شاپتۇل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدىغان شاپتۇلنىڭ تۈرى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى يەرلىك ئالاھىدە سورتلارنىڭ دانىسى چوڭ، ئېتى ئەتلىك ۋە سۇ-

لوق، پوستى نىپىز، تەمى ناتلىق ۋە شىرىن، خوش پۇراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق.

ئاپتونوم رايونىمىز شاپتۇل دەرىخى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان يەرلىك شاپتۇل 30 — 40 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئالاھىدە يەرلىك شاپتۇل سورتلىرىدىن ئاق چىلگە شاپتۇل، چوڭ ئاق شاپتۇل، كۆك شاپتۇل، سېرىق شاپتۇل، توغاچ شاپتۇل، مېغىزى تاتلىق شاپتۇل، شىنجاڭ تۈكلۈك شاپتۇلى، كۆك يارما شاپتۇل، قىزىل ئەششاپتۇل، ئاق يارما شاپتۇل، كۇچا ۋە قەشقەرنىڭ مېغىزى تاتلىق چوڭ شاپتۇللىرى، خوتەننىڭ ئۇچى ئۇچلۇق چوڭ ئاق شاپتۇلى قاتارلىقلار خاس ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ھەم دورىلىق خۇسۇسىيەتكە، ھەم خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن ئون نەچچە خىل شاپتۇل سورتلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بەزى سورتلار دانىسى چوڭ بولۇش، رەڭگى چىرايلىق بولۇش، تەمى ياخشى بولۇش، بالدۇر پىشىشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

شاپتۇلنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقا ياكى قۇرۇتۇپ قاق قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يېمەكلىكلەر سانائىتىدە شاپتۇل كونسېرۋاسى، شاپتۇل قېقى مۇرابباسى، شاپتۇل مۇرابباسى، شاپتۇل سۈيى ئىچىملىكى، شاپتۇل

بالقىقى، شاپتۇل ۋارىنىسى، شاپتۇل مېغىزى شەربىتى قاتارلىق ئېسىل مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شاپتۇل-نىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى. ئۇ تېبابەتچىلىك، دو-رىگەرلىك ۋە يېمەك - ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائى-تىنىڭ خام ئەشياسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەممە كىشى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان بىرخىل ئېسىل مېۋە. شۇڭا، شاپتۇلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارماقتا.

مىللىي ۋە جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە شاپتۇلنىڭ چېچە-كى، مېۋىسى، مېغىزى، يېلىمى، يوپۇرمىقى، يىلتىزى، يېغى دورا قىلىنىدۇ. شاپتۇل مېغىزى تېبابەتچىلىكتە، ئاساسلىق دورىلارنىڭ خام ئەشياسى سۈپىتىدە ھەرخىل بىرىكمە دورا ماتېرىياللىرىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئۈنۈملۈك دورىلار ياسىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەرلىك شاپتۇللىرىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، قەنت، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، مېۋە كىسلا-تاسى ۋە ھەرخىل ۋىتامىنلار ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىچكىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بەزى سورت-لارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ يۇقىرى.

شاپتۇلنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۇ ئوزۇق بولۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، مەستلىكنى يېشىش، سەمرىتىش، سەپرانى كېسىش، بەدەن تەبىئىتىنى تەڭپۇڭ-لاشتۇرۇش، قاننىڭ قىزىقلىقىنى پەسەيتىش، ئىسسىق

تەپنى داۋالاش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، قىزىل قان تومۇر قېتىشىش، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا شىپا-لىق دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەتىگەنلىك تاماقتىن ئىل-گىرى تازا پىشقان شاپتۇلدىن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ. جىگەر-دىكى ئىسسىقنى ياندۇرۇپ جىگەر قېتىشنىڭ ئالدىنى ئال-دۇ، سەۋدانى پەسەيتىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىقىنى داۋالاپ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

شاپتۇل مۇراببىاسى، شاپتۇل سۈيى قاتارلىقلارنىڭ تە-بىئىتى سوغۇق بولۇپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قاننى ساپلاشتۇرۇش، قان كۆ-پەيتىش، بەدەندىكى بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلاش خۇسۇسى-يىتىگە ئىگە.

شاپتۇلنىڭ مېۋىسى ھەم ئىستېماللىق قىممىتى يۇقى-رى ھەم دورىلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، ھەم سانائەتكە كېرەكلىك مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ، ئۇ ئىستېمالچىلار ياخشى كۆرىدىغان، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلانماقتا. ئەمما، ھازىر نۇرغۇن جايلاردا شاپتۇل دەرىخىگە زىيان سالىدىغان كېسەللىك ۋە ھاشاراتلار يىلدىن - يىلغا كۆپى-يىپ كەتكەنلىكتىن، شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتى-لىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتىگە ۋە مەھسۇلاتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە، بولۇپمۇ شاپتۇل، توغاچ، ئۆرۈك دەرەخلىرىدە يېلىم ئېقىش كېسىلى، شاپ-تۇل، توغاچ، بادام دەرەخلىرىدە ئاق توزان كېسىلى، يوپۇرماق پۈرلىشىش كېسىلى ۋە قاسىراقلىق قۇرت ئاپتى

ئېغىر بولغاچقا، بىر قىسىم جايلاردا شاپتۇل دەرەخلىرى قۇرۇپ كېتىش، كۆچەت تىكسە ياخشى ئايىنماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. جايلار بۇ خىل ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنى يوقىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، شاپتۇل دەرىخى ئۆستۈرۈشكە ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 5. ئالما ۋە ئۈنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى

ئالما دەرىخى ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، مۇهىم ئىقتىسادىي قىممەتكە ۋە دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

دۇنيا بويىچە ئالمىنىڭ سورتى 10 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇنىڭ كۆپلىگەن تۈر ۋە هەرخىل سورتلىرى ئۆستۈرۈلمەكتە. ئىلى رايونىدىكى ئالمىنىڭ سورتى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاهىدە سورتلار 25 خىلدىن كۆپ بولۇپ، چەت ئەلدىن ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن «سېرىق بانان»، «كۆك بانان»، «دۆلەتنۇر»، «قىزىل يۇلتۇز»، «قىزىل مارشال»، «هىندى»، ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن «خۇڭ فۇشى» قاتارلىق كۆپلىگەن سورتلار شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

ئالمىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئالما مۇرابباسى، ئالما شەربىتى، ئالما كونسېرۋاسى، ئالما قورۇمىسى، ئالما قېقى قاتارلىقلار يېمەكلىك قىممىتىگە ئىگە بولغاندىن باشقا، داۋالاش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە.

ئالمىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك ئاقسىل، ماي، قەنت، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن C قاتارلىق ماددىلار بار.

ئالما يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بېرىلسە، زىيادە سەمرىپ كېتىش، قەنت سىيىش كېسەللىكى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى، قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكى، هەزىم قىلىش يوللىرىدا ئۆسمە پەيدا بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئالما مۇراببابسى ۋە ئالما شەربىتىنىڭ ئاشقازان ۋە نېرۋىسى ئاجىز كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىش ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا، ئالمىنىڭ پۇرىقى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى سىقىلىش تۇيغۇسىنى تۈگىتىدىكەن. مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئالما ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا «هەمراھ» بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئالما كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولۇپ، كىشىلەر مەلۇم مەزگىل ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر

دانە ئالما يېيىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىسا، ئەقلىي جە-
ھەتتىن سەزگۈر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولىدۇ.

ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر ئالما ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت
بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىق-
دارى ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. مۆلچەرگە قارى-
غاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە ئىچ-
كى - تاشقى بازارلاردا ئالما مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدى-
كەن. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالمىلىق باغلارنىڭ
كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىستىق-
بالى زور.

## 6. مېۋىسى كۆركەم، ئۆمرى ئۇزاق مېۋىلىك دەرەخ — غەزمەت

چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قىپقىزىل مې-
ۋىلەيدىغان ئاجايىپ بىر خىل دەرەخ بار. بۇ، تاغلىق
رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا باب كېلىدىغان مېۋىلىك
دەرەخ — غەزمەت.

غەزمەت ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە مەنسۇپ ياغاچ غوللۇق
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يوغىنىغاندا ئې-
گىزلىكى 15 — 16 مېتىرغا، غولىنىڭ دىئامېتىرى
1.00 — 1.20 مېتىرغا، ئايلانمىسى 2.00 — 2.40 مې-
تىرغا يېتىدۇ، 200 يىلدىن 250 يىلغىچە ئۆمۈر كۆرى-
دۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى قويۇق، ياپراقلىرى زىچ، دەرەخ

تاجى كەڭ بولغاچقا، بۆك - باراقسان ئۆسىدۇ. ئاساسىي غول - شاخلىرىنىڭ قوۋزىقى قېلىن، ئۆزۈنىسىغا يېرىلغان بولۇپ، قوۋزىقى غولىدىن ئاسانلىقچە ئاجرىمايدۇ.

غەزمەت دەرىخى 4- ئاينىڭ ئاخىرى، 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاق رەڭدە چېچەكلەيدۇ، شەكلى كۆنلۈكسىمان كېلىدۇ، گۈلى قوش جىنسلىق، گۈل تاجى بەش، چاڭدىنى ئىككى خانىلىق بولۇپ، ھاشارات ياكى سىرتقى تەسىر ئارقىلىق چاڭلىنىشىدۇ، گۈل رېتى تۆتتىن ئالتىگىچە توپلىشىپ غۇژمەك ئېچىلىدۇ. گۈل كاسىسى ۋە مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

غەزمەت مېۋىسىنىڭ رەڭگى توق قىزىل، مېۋە شەكلى يۇمىلاق (شارسىمان) بولىدۇ. ھەربىر مېۋە شېخى ئىككىدىن تۆتكىچە توپلىشىپ مېۋىلەيدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە پىشىدۇ. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز پېتى ساقلىنىشى بولىدۇ. بۇرۇن پىشقانلىرىنىڭ تەمى چۈچۈمەل، تولۇق پىشقانلىرىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق. غەزمەت مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن A، ۋىتامىن C ۋە قەنت ماددىسى بولغاندىن باشقا، مەلۇم مىقداردا تۆمۈر ۋە لىمون كىسلاتاسى بار. ئۇ ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە تېز پايدا قىلىدۇ، ۋىتامىن A، ۋىتامىن C يېتىشمەسلىكتىن يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. غەزمەتنىڭ چېچىكىنى سوقۇپ يۈزگە چاپسا، يۈزدىكى سەپكۈن ۋە ھەرخىل داغلارنى چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ھەرخىل تەمرەتكىگە داۋا بولىدۇ.

غەزمەت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى چارۋىلارغا يەم - خەشەك ئورنىدا بېرىلسە، چارۋا ئاسان سەمرىيدۇ.

غەزمەت دەرىخىنىڭ ياغىچى ئىنتايىن قاتتىق ۋە چىدامىلىق بولۇپ، ئۇنى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ساپ ياساشقا، ئۆي - ئىمارەت، سۇ قۇرۇلۇشىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

غەزمەت دەرىخى 200 يىلدىن ئاشقاندىمۇ مېۋە بېرىدۇ، پەرۋىش قىلىشقا كۆپ كۈچ كەتمەيدۇ. ئۇ قۇم - بورانغا، كېسەللىك ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، ھەرخىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە ئاسانلىقچە نابۇت بولۇپ كەتمەيدۇ.

غەزمەت دەرىخى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىغا ناھايىتى ئاز تارقالغان. غەزمەت دەرىخى مېۋىسىنىڭ رەڭگىنى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ئۆسۈۋاتقان تەبىئىي شارائىت بىلەن ماسلىشىشچانلىقى، مورفولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئاق، قىزىل دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۈزلەڭ رايونلاردىكى ئىسسىق جايلارغا تارقالغانلىرى ئاق، تاغلىق رايونلارغا، بولۇپمۇ چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان يېزىلىرىغا تارقالغانلىرىنىڭ مېۋىسى توق قىزىل بولىدۇ.

غەزمەت دەرىخى دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىز بولغان تاغلىق رايونلاردا، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سوغۇق، تۇپراق شارائىتى ناچار بولغان جايلاردا ئۆسۈۋېرىدۇ، قۇمساڭ تۇپراقنى، يورۇقلۇقنى، سالقىن ھاۋانى خالايدۇ.

بورانغا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سوغۇققا چىدامىلىق كېلىدۇ. ئۇنى ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ ۋە قۇرغاق رايونلاردىمۇ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن زەي، شورلۇق يەرلەردە ياخشى ئاينىمايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مېۋىسى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۇدا بىرنەچچە كۈن 30℃ تىن ئۆرلەپ كەتسە، مېۋىسىگە قۇرت چۈشۈپ، ئاسانلا يىگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، غەزمەت دەرىخىنى تۇپراق، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتى باب كېلىدىغان رايونلاردا ئۆستۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، مېۋە خىللىرىنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز لازىم.

## 7. شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورىلىق قىممەتكە ئىگە مېۋىلەر

شىنجاڭدا مېۋىلىك دەرەخنىڭ تۈرى كۆپ، سورتى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا بادام، ياۋا ياڭاق، ياۋا گىلاس، ياۋا چىلان، كۆكسۇلتان، دولانا قاتارلىق ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈنئىي ئۆستۈرۈلۈۋاتقان مېۋىلىك دەرەخ ۋە چاتقال ئورمانلارنىڭ كۆلىمى كەڭ، تۈرى كۆپ بولۇپ، دورىلىق قىممەتكە ئىگە رەڭدار مېۋىلىك چاتقال دەرەخلەر-

دىن ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، گىلاس، ئالۇچا، كۆكسۇلتان، ئالگرات، پورتخان (بەرگ)، جىنەستە قاتارلىقلار بار. بۇ مېۋىلەرنىڭ تەركىبىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا زۆرۈر بولغان تۈرلۈك ئېلېمېنتلار ۋە كۆپ خىل ۋىتامىنلار بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بەدەننىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى ئوزۇقلۇق ۋە مول ۋىتامىنلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

## 1. گىلاس

گىلاس ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە تەۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك چاتقال دەرەخ بولۇپ، ئادەتتە 4 مېتىردىن 10 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شىنجاڭدا گىلاسنىڭ بەش تۈرى، سەككىز خىل سورتى بار بولۇپ، ئاساسەن قەشقەر ۋىلايىتىگە مەركەزلىك تارقالغان. ئۇنىڭ چېچەكى چىرايلىق، مېۋىسى كۆركەم بولۇپ، ھەرقايسى سورتلارنىڭ مېۋىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قىزىل، سېرىق ياكى سۆسۈن رەڭلىك پىشىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. گىلاسنىڭ مېۋە بېرىش مەزگىلى ئۇزاق، ھوسۇلى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ناھايىتى مول. ئۇنىڭ مېۋىسى ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن گىلاس سۈيى، گىلاس مۇراببasى، گى-

لاس كونسېرۋاسى، گىلاس ھارىقى قاتارلىقلار ئىشلەپچە-
قىرىلىدۇ.

## 2. ئەينۇلا

ئەينۇلا ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى 5 مېتىردىن 7 مې-
تىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان ياغاچ غولل ۇق مېۋىلىك
دەرەخ بولۇپ، كۆپ شاخلايدۇ، چېچەكى ئاق، مېۋىسى
چوڭ، شەكلى سوقىچاقىقا مايىل يۇمىلاق، مېۋىسى پىشقاندا
قارامتۇل سۆسۈن ياكى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ مېۋى-
سىنىڭ تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، ئېتى قېلىن، شىرنىلىك
بولۇپ، پىشقاندا ھۆل پېتى يېگىلى، گۈلە قۇرۇتۇپ مىل-
لىي تېبابەتچىلىكتە دورا قىلغىلى بولىدۇ. ئەينۇلا شىن-
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەينۇ-
لىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئىشلىتىلىش دائىرى-
سى كەڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى مىللىي
تېبابەتچىلىكتە مۇھىم دورا ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

## 3. قارىئۆرۈك

قارىئۆرۈك ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى 4 مېتىردىن 6
مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان چاتقال دەرەخ بولۇپ،
مېۋىسى سوقىچاق، پىشقاندا كۆك رەڭلىكتىن قارامتۇل
سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن رايونلىرىدا ئۆستۈرۈ-
لىدۇ. ئۇنىڭ تارقىلىشى كەڭ ئەمەس. تەمى چۈچۈمەل
تاتلىق، تەبىئىتى سوغۇق، قېقىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل

بولۇپ، تەركىبىدە ئاقسىل، ياغ، قەنت، كالتسىي، ۋىتا-مىن PP ، ۋىتامىن C ، تۆمۈر، كاروتىن قاتارلىقلار ناھايىتى مول، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىنغاندىن باشقا، قۇرۇتۇپ قاق سېلىنىدۇ. مېۋىسى مىللىي تېبابەتچىلىكتە كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 4. ئالۇچا

ئالۇچا ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى مېۋىلىك كىچىك چاتقال دەرەخ بولۇپ، ئادەتتە 4 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. چېچىكى ئاق، مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندا سېرىق ياكى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسى چۈچۈمەل تاتلىق بولۇپ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ. ئالۇچىنىڭ تەركىبىدە قەنت، ئالما كىسلاتاسى، كاروتىن قاتارلىقلار مول بولۇپ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق؛ مېۋىسى سەپرادىن بولغان قىزىتمىنى پەسەيتىش، قەينى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ قىزىل، چېچەك، كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سىقىپ سۈيى ئىچۈرۈلسە، قىزىتمىنى چۈشۈرۈپ، تەشنالىقنى پەسەيتىدۇ.

## 5. كۆكسۇلتان

كۆكسۇلتان ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال دەرەخ بولۇپ، 4 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، چېچىكى ئاق، مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندا سۇزۇك كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كۆكسۇلتاننىڭ مېۋىسى

سۇلۇق، رەڭگى چىرايلىق ھەم خۇش پۇراقلىق بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ. كۆكسۇلتان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم جايلارغا ئاز تارقالغان بولۇپ، ھويلا- ئارام ۋە بىر قىسىم مېۋىلىك باغلاردا باشقا دەل- دەرەخلەرگە ئارىلاش ئۆستۈرۈلمەكتە. كۆكسۇلتاننىڭ تەر- كىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلار، ۋىتامىنلار مول بولۇپ، تەبى- ئىتى ھۆل سوغۇق. ئۇنى ھۆل پېتى يېگەندە ياكى شەربى- تىنى ئىچكەندە بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، تۇرلۇك كېسەل- لىكلەرگە شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ مېڭە ۋە بەدەنگە ھۆل- لۇك يەتكۈزۈش، ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مېڭىنى تىنچلاندۇرۇش، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 6. ئالگرات

ئالگرات ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى 4 مېتىردىن 6 مې- تىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان چاتقال دەرەخ بولۇپ، چېچىكىنىڭ رەڭگى ئاق، مېۋىسى چوڭ، شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندا رەڭگى سېرىقتىن قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ؛ تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، سۇلۇق، ئېتى گۆشلۈك، مېۋىسى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پىشىدۇ. ئالگراتنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ياغ، قەنت، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، PP، C قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. ئۇ سەپرانىڭ تېزلىكىنى ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، سەپرانىڭ ئاشقازان، ئۈچەيگە قۇ-

يۇلۇشىنى تىزگىنلەش، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش، ئاشقا-
زان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قاندىكى شېكەر ماددىسىنى
تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يەنە قان بېسىمىنى چۈ-
شۈرۈش، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش، بۆرەك ياللۇغى، سېرىق چۇشۇش خاراكتېرلىك
جىگەر ياللۇغى، سىل، زۇكام، قىزىل، چېچەك قاتارلىق
كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

## 7. پورتخان

پورتخان — قىزىل بەرگ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يوپۇر-
ماق تاشلايدىغان پاكار غولللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 4
مېتىردىن 5 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى
سەل ئۇزۇنچاق، چېچىكى ئاق، مېۋىسى ئەينۇلىغا ئوخشاپ
قالىدۇ، ئەمما ئەينۇلىدىن سەل چوڭراق بولۇپ، پىشقاندا
توق جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ رەڭگى پارقى-
راق، ئېتى سۇلۇق، تەمى تاتلىق بولۇپ، هۆل ئىستېمال
قىلغىلى، گۆلە قۇرۇتقىلى بولىدۇ. پورتخان جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلارغا تارقاق تارقالغان، قەشقەر،
خوتەنلەردە ئۇنىڭ تارقاق تۈپلىرىنى، بازارلاردا مېۋىسىنى
ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە ھەر-
خىل كىسلاتالار، ۋىتامىنلار، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار
بار بولۇپ، تەبىئىتى سوغۇق. ئۇنىڭ مېۋىسى سەپرانى
پەسەيتىش، چارچاشنى تۈگىتىش، قۇرۇق يۆتەلنى توختى-
تىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇشقا ۋە نېرۋا ئاجىزلىق،
سەۋدا، شەقىقە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

پورتخاننىڭ ئوزۇقلۇق ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغىلى ياكى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلغىلى، مىللىي تېبابەتچىلىكتە مۇراببا، شەربەت تەييارلاپ تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە دورا قىلغىلىمۇ بولىدۇ. پورتخان ئۆرۈك، شاپتۇل دەرەخلىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ.

## 8. جىنەستە

جىنەستە ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى چاتقالسىمان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 3 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، گۈللىرى ئاق، مېۋىسى شارسىمان (يۇمىلاق) بولۇپ، پىشقاندا توق قىزىل ياكى ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ دىئامېتىرى 1 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، مېۋىسى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. جىنەستە ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم جايلارغا تارقالغان. ئۇنىڭ مېۋىسى چىرايلىق بولۇپ، مەلۇم ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىشتىھانى ئېچىش، كېكىرىك كەلتۈرۈش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاشقازان ۋە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. جىنەستە مېۋىسىدىن جىنەستە مۇراببىاسى، جىنەستە شەربىتى تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا قاننى كۆپەيتىدۇ، قاننى ساپلاشتۇرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، نېرۋا، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

# 8. چىلاننىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە دورىلىق رولى

چىلان دەرىخى مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 4000 يىللىق ئۆستۈرۈلۈش تارىخىغا ئىگە.

مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە چىلان ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئېكسپورت قىلىدىغان مەملىكەتلەرنىڭ بىرى. مەملىكىتىمىزدە ئۆستۈرۈلۈۋاتقان چىلان سورتى 600 خىلدىن ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىز چىلان تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرىلىقى، چىلان سورتىنىڭ خىللىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ. چىلان دەرىخىنىڭ قۇرغاقچىلىققا، ھۆلچىلىككە، شورغا ۋە قۇم - بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك. چىلان مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، پوستى نېپىز، ئېتى يۇمشاق، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، قۇرۇق چىلاننىڭ قەنت تەركىبى 70% تىن يۇقىرى، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقىمۇ، دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ.

چىلان دەرىخىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنى ئۇرۇقىنى تېرىش، يىلتىزىدىن تۈپلەندۈرۈش، ئۇلاش، قەلەمچە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن

كۆپەيتىشكە بولىدۇ، چىلان كۆچىتىنىڭ مېۋىگە كىرىش مەزگىلى بالدۇر، مېۋە بېرىش دەۋرى ئۇزاق، مېۋىسىنى ساقلاش ۋە يۆتكەشكىمۇ ئاسان.

چىلاننىڭ چېچىكى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، مېغىزى، شۆپۈكى، يوپۇرمىقى، ياغىچى، قوۋزىقى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تېبابەتچىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ۋىتامىن ئالمىدىكى ۋىتامىنغا قارىغاندا 60 — 70 ھەسسە كۆپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن P، C مول بولغاندىن باشقا، مەلۇم مىقداردا ۋىتامىن A، B مۇ بار، ھەر 100 گرام چىلان تەركىبىدە 95 — 266 مىللىگرامدىن كۆپرەك ۋىتامىن C بولۇپ، كۆپلۈك نىسبىتى ئاپېلسىن، لىمون قاتارلىق تەركىبىدە ۋىتامىن C كۆپ بولغان مېۋىلەردىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ، ھەر 100 گرام ھۆل چىلاندىن 103 كىلو كالورىيە قۇۋۋەت، ھەر 100 گرام قۇرۇق چىلاندىن 309 كىلوكالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالىملار چىلاننىڭ ئۆسمىگە قارشى ئىقتىدارى بارلىقىنى، چىلان ئارقىلىق ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چوڭ چىلاندا راكقا قارشى ئۈنۈملۈك تەركىب — تىرى سىكلىن بىرىكمىسى ۋە مول فوسفات كىسلاتالىق بەز توقۇلمىسى بارلىقىنى، بۇنىڭ ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈپ كۆپىيىشىنى تەڭشەش، راكقا ئۆزگىرىۋاتقان ھۈجەيرىلەرنىڭ نورمال ھۈجەيرىلەرگە ئۆزگىرىشىگە ياردەم بېرىش رولى بارلىقىنى تاپقان. شۇ-

ثا، داۋاملىق چىلان يەپ بەرگەن كېسەللەرنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتى ۋىتامىنلىق دورىلارنى يېگەن كېسەللەرگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك تېز بولىدۇ، چىلان تەركىبىدىكى دولانا كىسلاتاسىنىڭ راكنى تىزگىنلەش كۈچى ئادەتتە راكقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «فۇشيەندىڭ» دورىسىدىنمۇ كۈچلۈك. چىلاننىڭ چارچاشقا تاقابىل تۇرۇش رولىمۇ بار.

چىلان تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىكتە بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، تالنى كۈچلەندۈرۈش، قاننى تازىلاش، خىلتلارنى پىشۇرۇش، يۈرەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆكرەك ۋە گالنىڭ يىرىڭلىكىنى، ئاۋازنىڭ ئىسسىقتىن پۈتۈپ قېلىشىنى، سېرىقلىق تۇرىدىكى جىگەر ياللۇغىنى، ئۆسمە ۋە راكنى، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

چىلاننى قايىنتىپ ياكى مەلھەم قىلىپ كېسەللەرگە ئىچۈرسە، بەلغەم ھەيدەش، سۈلۈق ئىششىق، ھەر خىل راك سەۋەبىدىن بولغان ئاق قان كېمىيىش، روھى سۇسلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ تەرلەش، ئاميۇبادېزنتېرىيىسى، ھەرخىل پارازىت قۇرتلار، ئۆتكۈر يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر ياللۇغى، ئۆپكە يەللىك ئىششىقى ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدۇ.

چىلاننىڭ ئۇرۇقى ئاساسەن مېغىز ئېلىش ۋە تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، شىنجاڭ چىلىنى، شىنجاڭ سوقا چىلىنى قاتارلىق يەرلىك سورتلار-

نىڭ ئۇرۇقى چوڭ، مېغىزى توق بولۇپ، ئۇنى مەلۇم ئىسسىقلىق ۋە نەملىك بىلەن بىخلاندۇرۇپ يەرگە تېرىغان-دا، ئۇنۇپ چىقىش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولىدۇ.

ياۋا چىلان (ئاچچىق چىلان) مېغىزىنى سارغايغۇچە قورۇپ دورا ياسىغاندا نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاش، تال ۋە ئاشقازاننى ياخشىلاش قاتارلىق ئۇنۇملۇك روللارنى ئوينايدۇ.

چىلاننىڭ يوپۇرمىقى تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپ بولۇپ، ئۇ چارۋا ماللارنىڭ سۈپەتلىك يەم - خەشىكى ھېسابلىنىدۇ. چىلاننىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يەرلىك ئۇسۇلدا كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ؛ ياز، كۈز پەسلىدە تاڭ سەھەر-دە شەبنەم چۈشكەن چىلان، ئۆرۈك، جىگدە، ئۈجمە قاتار-لىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ چۈشەك تەي-يارلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەللەرنى ياتقۇزۇپ 15 — 20 مىنۇت تۇرغۇزغاندا، قاننى سوۋۇتۇپ، كېسەللەرنىڭ قى-زىتمىسىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

چىلاننىڭ قوۋزىقىنى يەرلىك شوخلا، يەرباغرى قاتار-لىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاينىتىپ، سۈيىنى ئى-چىپ، بەدەننى يۇيۇپ بەرگەندە بەدەنگە چىققان سۇلۇق ئىششىق، قىچىشقاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ سا-قايتقىلى بولىدۇ.

چىلاننىڭ ياغىچى چىداملىق، پۇختا، كۆركەم بو-لۇپ، باشقا خىلدىكى دەرەخلەرگە قارىغاندا قاتتىق. ئۇنىڭ-دىن ئۆي جاھازلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق-لارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

## 9. ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى، دورىلىق قىممىتى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىشى

شىنجاڭنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزاق، ياڭاقنىڭ سورتلىرى كۆپ، مېغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ماي مىقدارى مول بولۇپ، تەركىبىدىكى ماي نىسبىتى 63 — 78% كە، ئاقسىل مىقدارى 11.2 — 17.3% كە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال دائىرىسى كەڭ، مېۋىلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە قۇرۇق مېۋە بولۇپ، مېغىزىدىن ئەلا سۈپەتلىك ماي ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

ياڭاق مېغىزىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ھەر 100 گىرام ياڭاق مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 15.4 گىرام ئاقسىل، 63 گىرام ماي، 10 گىرام قەنت، 19 مىللىگىرام كالتسىي، 362 مىللىگىرام فوسفور، 3.5 مىللىگىرام تۆمۈر، 0.17 مىللىگىرام كاروتىن، 0.32 مىللىگىرام ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، 1 مىللىگىرام ۋىتامىن PP، يەنە مەلۇم مىقداردا ۋىتامىن C، ۋىتامىن E، ماگنىي، مارگانىتس قاتارلىق ماددىلار بار. ھەر 100 گىرام قۇرۇق ياڭاق مېغىزى ئىستېمال قىلغاندا ئادەم بەدىنىدە 670 كىلوكالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

ياڭاق ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋىلىرىغا پايدىلىق مېۋە

بولۇپ، مېڭىنىڭ ئىچكى سەزگۈلىرىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ،
نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىنى داۋالايدۇ. داۋاملىق ئۇيقۇسى
قاچىدىغان، ئۇنتۇغاق، يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بول-
غان، ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، بەل، تىزى سىرقىراپ ئاغ-
رىيدىغان، ماغدۇرسىزلىق ئالامىتى كۆرۈلگەن ۋە ئىش-
شىپ ئاغرىغان كېسەللەر ھەركۈنى ئەتىگەن ۋەكەچتە ئىك-
كى تالدىن ياڭاق مېغىزى يېيىشكە ئادەتلەنسە، ئۇنىڭ
تەبىئىي ھالدا كېسەل داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ. يا-
ڭاق مېغىزى يۈرەكنى ساغلاملاشتۇرۇپ قاننى تولۇقلايدۇ.
ئۆپكە ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

ياڭاق مېغىزىدىن تارتىلغان مايىنىڭ تەمى ياخشى بو-
لۇپ ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك ماي ھېسابلىنىدۇ. يا-
ڭاق مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 143 — 162 ۋالېنت-قىچە
يود، 57 — 76% كىچە لىنول كىسلاتاسى، 20% ياغ
كىسلاتاسى ۋە ئاز مىقداردا لىنولنىك كىسلاتاسى بار.
ئۇنىڭدىن تويۇنمىغان كىسلاتانىڭ ئومۇمىي مىقدارى 90%
تىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە قۇۋۋەتلەندۈ-
رۈش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، نېرۋا ئاجىزلىقى،
يۇقىرى قان بېسىمى، تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى قاتار-
لىقلارغا شىپا بولىدۇ. ياڭاقنىڭ مېغىزى، شۆپۈكى (پوس-
تى)، يوپۇرمىقى، يېغى، شاكىلىنىڭ ئىچىدىكى نېپىز
پەردىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك دورىلىق قىم-
مەتكە ئىگە، يەنە مېۋىسى، شاكىلى، يېغى، ياغىچى قاتار-
لىقلار سانائەتتە مۇھىم خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ياڭاق ياغى-
چىدىن سۈپەتلىك ئۆي جاھازلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى،

كىمىسازلىق، ماشىناسازلىق، ئويمىچىلىق، ئاۋىئاتسىيە، ھەربىي قورال - ياراغ سانائەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ياغاچ مېيى — رەسىمچىلىك، سىرچىلىق قاتارلىق گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم خام ئەشيالارنىڭ بىرى. ياغاچ مېيى قۇرۇغاندىن كېيىن سارغىيىپ قالمايدۇ. ئۇ سانائەتتە ئاق سىر ياساشنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ياغاچ شاكىلىنىڭ سانائەتتە ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىلىقلىتىش ماتېرىيالى، بالون، قەغەز، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ياسىغىلى، قوۋزىقى ۋە پوستىدىن يېلىم، بوياق ۋە ئاشلاش ماددىسى (تاننىن) ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بازارلىرىدا ياغاچقا بولغان ئېھتىياج يىلدىن - يىلغا ئاشماقتا. يېمەك - ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىمۇ ياغاچتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرىنى بارغانسېرى كۆپەيتمەكتە. ئىستېمالچىلارمۇ ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياغاچنى ئۆزىنىڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكىگە ئايلاندۇردى. شۇڭا، ياغاچقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۆپ. جايلار كۆلەملىك ياغاچ بازىسى بەرپا قىلغاندىن باشقا، ئەسلىدە بار بولغان مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ياغاچ دەرەخلىرىنى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلىسا، يەنە قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەھسۇلاتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 10. ئانارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە دورىلىق خۇسۇسىيىتى

ئانار ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك غوللۇق، كۆپ شاخلىق مېۋىلىك چاتقال ئۆسۈملۈك (دەرەخ) بولۇپ، 4 — 5 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. چېچەكى قىزىل ئېچىلىدۇ. مېۋىسى چوڭ بولۇپ پىشقانسېرى قىزىرىدۇ. ئانار دەرىخى كۆمۈش ئارقىلىق قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىنسا 100 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ.

شىنجاڭ ئانار ئۆستۈرۈشتە 200 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. ئىلى، كورلا قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئانارنىڭ مېۋىسى تاتلىق ئانار ۋە ئاچچىق ئانار دەپ ئىككى خىلغا، تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار، ناخۇش (تەلۋە ئانار، چۈچۈمەل ئانار) ئانار دەپ ئۈچ سورتقا ئايرىلىدۇ.

شىنجاڭ ئانىرى سورتلىرىنىڭ خىللىقى، كۆركەملىكى، دانىسىنىڭ چوڭلۇقى، رەڭدارلىقى، تاتلىقلىقى، شىرنىلىكى، شىپالىق رولى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنياغىمۇ مەشھۇردۇر.

تاتلىق ئانارنىڭ تەبىئىتى هۆل سوغۇق، ئاچچىق ئانار

قۇرۇق سوغۇق، ناخۇش ئانار سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ تەر-كىبىدە 12 — 20% قەنت، 17% كاربون سۇ بىرىكمىسى، 0.4 — 1% ئالما كىسلاتاسى، 1.1% ماي بولغاندىن باشقا، ئاقسىل، ۋىتامىن C، لىمون كىسلاتاسى ۋە مەلۇم مىقداردا تۆمۈر ماددىسى بار. ئانار ئۇرۇقى تەركىبىدە 11 مىللىگرامدىن كۆپرەك ۋىتامىن C بار. ئانار ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەم بەدىنىدە 80 كىلوكالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ، ئانارنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا، پىششىقلاپ ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىشقا، تېبا-بەتچىلىكتە دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئانارنىڭ مېۋىسى، چې-چىكى، يىلتىزى، ئۇرۇقى، خەمىكى، مېۋە پوستى، مۇ-راببا ۋە شەربەتلىرى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئانار-نىڭ مېۋىسى ئورگانىزمنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، ئىچ توختىتىش، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قان توختىتىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئوزۇق بولۇش، قاننى جانلاندۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تې-بابەتچىلىكىدە ئانار مېۋىسىدىن ئانار شەربىتى، چېچىكى-دىن ئانار گۈلقەنتى (ئانار مۇراببasi) ياسىلىدۇ. ئانار شەربىتىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، تال، يۈرەك، ئاش-قازان، يەل تاشما كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، كۆڭۈل ئاينىشنى، ئۇسسۇزلۇقنى، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ. ئانار گۈلقەنتى (ئانار مۇراببasi) ئاشقازان، يۈرەك كېسەللىك-لىرىگە شىپا بولىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. مېڭىنىڭ ھۆللۈكىنى ساقلايدۇ.

ئانار ئۇرۇقى شەربىتى ئىسسىق بولۇپ، ئاشقازاننى

ياخشىلاش، قەي، كۆكۈل ئېلىشىنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە.

ئانارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر خەلقئارا بازاردا ناھايىتى داڭلىق، ئىچكى ئۆلكىلەردە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن بازارلىرىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشمەكتە. ئانار پوستىدا تاننىن (ئاشلىغۇچى ماددا) كۆپ بولۇپ، ئۇ بوياقچىلىق ۋە كۆن - خۇرۇم سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ئانار پوستىدا بويالغان رەخت، يۇڭ يىپلىرىنىڭ رەڭگى ئۇزاق يىللارغىچە ئۆڭمەيدۇ.

ئانار دەرىخى چىرايلىق چېچەكلەپ، كۆپ ۋە ئۇزاق يىللار مېۋە بېرىدىغان ئۆمرى ئۇزاق دەرەخ بولغاچقا، ئۇنى ھويلا - ئارام، ئىدارە - ئورگان ۋە باغچىلارغا تىكىپ ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. ئانار دەرىخى مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، چېچىكى مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مېۋىسى كېسەللىكلەرنى داۋالاش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلار ئانارلىق بازىسى قۇرۇلۇشىنى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىپ، ئانارلىق باغ كۆلىمىنى نەچچە ئون مىڭ موغا يەتكۈزدى. يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئانارلىق باغلار مېۋە بېرىش ئالدىدا تۇرماقتا. ھازىرقى مەسىلە، كونا ۋە يېڭى بىنا قىلىنغان ئانارلىق باغلارنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سىرتقا يۆتكەش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش

مەسىلىسى، بولۇپمۇ ئانار پىششىقلاپ ئىشلەش شىركەتلىرى (كارخانىلىرى) يىللىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ھەر يىلى مەلۇم نىسبەتتە كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرالىسا، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئانارلىرىنىڭ بېسىلىپ قېلىش، باھاسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 11. ئاق جىگدە ۋە ئۇنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى

ئاق جىگدە ئائىلىسى، جىگدە ئۇرۇقدىشىدىكى قۇم - بورانغا، شورغا، ئىسسىققا، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا ۋە ھۆلچىلىككە چىداملىق ئېگىز ئۆسىدىغان، ياغاچ غوللۇق دەرەخ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ. ئۇ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئون نەچچە خىل جىگدە سورتلىرىنىڭ ئەڭ ئەلا سورتى بولۇپ، ئاساسەن خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئاق جىگدىنىڭ سۈپىتى ياخشى، دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز، ئۇرۇقى كىچىك، تەمى تاتلىق بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، باشقا سورتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ناھايىتى مول، ئۇنىڭ چېچەكىدىكى خۇش پۇراق ماددىنىڭ تەركىبىمۇ باشقا جىگدە

سورتلىرىغا قارىغاندا مۇرەككەپ. جىگدە چېچىكى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى خۇش پۇراق ماددىلار مېڭىنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، باھنى كۈچلەندۈرۈش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئۆپكىنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئاق جىگدىنىڭ مېۋىسى تەركىبىدە 62 — 70% كىچە قەنت، 10% ئاقسىل، 29% ماي ۋە مەلۇم مىقداردا ۋىتامىن، تاننىن، ئاممونىي كىسلاتاسى قاتارلىقلار مول بولغاندىن باشقا، ناترىي، كالىي، مىس، مولىبدېن، سىنك، ماگنىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. شۇڭا، ئاق جىگدىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى. سانائەتتە ئۇنىڭدىن بولكا، پېچىنە - پىرەنىك، تورت، ھاراق، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، ئىسپىرت، ئەتىر قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى، چېچىكىدىن مۇئەتتەر قاتارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئايرىۋالغىلى، دەرىخىدىن جىگدە يېلىمى ئالغىلى ۋە ئۇنىڭدىن گىرىم بۇيۇملىرى، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

ئاق جىگدىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى، شەربىتى، تالقىنى، مۇرابباسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ. بۇلار بەدەننى، ئاشقازاننى، باھنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، تالنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاش، مەنىنى تىزگىنلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئاشقازان كېسىلى بارلار ئاق جىگدىنى داۋاملىق يەپ، شەربىتىنى كۆپرەك ئىچىپ بەرسە ياكى ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە،

قوقاستا سارغايتىلغان 2 — 3 تال ياڭاق مېغىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا ئاق جىگدىنىڭ تالقىنىنى تەكشى ئارىلاش- تۇرغاندىن كېيىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئاشقا- زان ئاغرىش (مەيدە ئېچىشىش)، تاماق سىڭمەسلىك، ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاق جىگدە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل ئىقتىسادىي دەرەخ. ئۇ يول، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلى- رىدا، ئورمان بەلۋاغلىرىدا، شورلۇق، قۇملۇق، تاشلان- دۇق يەرلەردە، ھويلا - ئارام ئەتراپلىرىدا ئۆستۈرۈلسە، تۆت ئەتراپنى كۆكەرتىش رولىنى ئوينىپلا قالماستىن، ئە- جىر قىلغانلارغا ئىقتىسادىي نەپ يەتكۈزەلەيدۇ. ھالبۇكى، 90- يىللاردىن بۇيان ھويلا - ئارام، كەنت ئىچىدىكى جىگدە دەرەخلىرى كۆپلەپ كېسىۋېتىلگەنلىكتىن، ھەرقايسى جاي- لاردا ئاق جىگدە ئاز قالدى. شۇڭا، ھازىر دورىغا ئىشلىتى- دىغانلار 1 كىلوگرام ئاق جىگدىنى بەش يۈەندىن سەككىز يۈەنگىچە سېتىۋالماقتا.

ئاق جىگدىنىڭ سۇ، ھاۋا، تۇپراق شارائىتىغا ماسلى- شىشچانلىقى كۈچلۈك، ئۆسۈشى تېز، مېۋىگە كىرىشى بالدۇر، پەرۋىش قىلىش ئاسان. ئاق جىگدىنىڭ كۆچىتىنى تىكىش، قاغا جىگدىسىگە ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كەنت ئەتراپلىرىدا ۋە ھويلا - ئارام، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى بىنا قىلىنسا، ئۇنىڭدىن كۆرۈنەرلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ. ئاق جىگدىنىڭ كۆچىتى قاغا جىگدە،

قاپاق جىگدە قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرگە ئاق جىگدىنىڭ بىر يىللىق نوتىلىرىدىن بىخ ئۇلاش، شاخ ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ.

## 12. ئۈجمىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى

ئۈجمە ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئىقتىسادىي دەرەخ بولۇپ، 15 — 20 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈش، كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئاددىي، قۇرغاقچىلىققا، ئىسسىققا، سوغۇققا چىداملىق يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ، 100 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ.

دۇنيادا ئۈجمە ئائىلىسىدە تەخمىنەن 67 ئۇرۇقداش، 1400 دىن ئارتۇق تۈر بولۇپ، بۇنىڭدىن مەملىكىتىمىزدە 16 ئۇرۇقداشقا كىرىدىغان 150 تۈر ئۆسىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا 4 ئۇرۇقداشنىڭ تۈرلىرى ئۆسىدۇ. ئۈجمە ئۇرۇقدىشىنىڭ تۈرلىرىدىن ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە، شاتۇت، چېقىر ئۈجمە، ئەركەك ئۈجمە، چوڭ يوپۇرماقلىق ئۈجمە قاتارلىق سورتلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلمەكتە. ئاق ۋە قارا ئۈجمىنىڭ مېۋىسى شىرىن ھەم تاتلىق بولۇپ ئىستېمال قىلىشقا، مۇراببا قاينىتىشقا، ھالۋا ياساشقا، شىرنە پىششىقلاپ ئىشلەشكە، ۋاسالغۇ قۇرۇتۇپ تالقان قىلىشقا، كونسېرۋا،

هاراق قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇجمىنىڭ يوپۇرمىقىدا چارۋا ۋە پىلە قۇرتى باقىلى، قوۋزىقىدا قەغەز ئىشلەپچىقارغىلى، ياغىچىدا ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياسىغىلى، ئوتۇن، شاخ - شۇمبىلىرىنى يېقىلغۇ قىلغىلى، مېۋە، يوپۇرماق، قوۋزىقىنىڭ ئاق پوستى ۋە يۇمران شاخلىرىنى مىللىي تېبابەتچىلىكتە دورا قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇجمە قەدىمكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ھازىر ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، جېجاڭ، جاڭسۇ، شەندۇڭ، ئەنخۇي، خېنەن، شىنجاڭ قاتارلىق كۆپلىگەن ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلمەكتە.

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەر ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان، ئۇجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىپ، ئۇنىڭدىن نەپىس شايى- ئەتلەسلەرنى ۋە تاۋار- دۇردۇنلارنى توقۇغان. قوۋزىقىدىن قەغەز، ياغىچىدىن دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلارنى ياسىغان. نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە ھازىرمۇ شۇ دەۋردىكى ئۇجمە دەرەخلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ئۇجمە دەرىخى ئۆستۈرۈپ پىلىچىلىك كەسپىنى يولغا قويغانلىقىنى، يىپەك تارتىپ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، ئۇجمە قوۋزىقىدىن قەغەز ياساپ يۇرت، مىللەت نامى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى «خوتەن قەغىزى» ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۈجمە دەرىخى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خوتەن، قەش-
قەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيە
ۋە شەھەرلەردە كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ خوتەننىڭ
پىلىچىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈجمە دە-
رىخى باشقا جايلارغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ، كۆلىمىمۇ
كەڭ، خوتەندىن چىقىدىغان يىپەكنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدا بازىرى ئىتتىك بولۇپ، خەلقئارا بازارلاردا يۇك-
سەك ئابرۇيغا ئىگە.

ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بو-
لۇپ، ئۇ «گۆھەر تۆكۈلىدىغان خاسىيەتلىك دەرەخ» تۇر.
ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدا مول تالا ماددىسى ۋە ئورگانىك ماددىلار
بولۇپ، پىلە قۇرتى بېقىپ پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچى-
قىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۈجمە دەرىخىنىڭ پۈتۈن خام
ماتېرىياللىرىدىن 60 خىلدىن ئارتۇق پىششىق مەھسۇ-
لاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن. ئۈجمە ياغىچى قات-
تىق، سىزىقچىلىرى كۆركەم، ئىچكى تالالىرى رەڭدار،
يۈزى پارقىراق بولۇپ، ھۆلچىلىككە، نەملىككە، ئىسسىق-
قا، ھورغا چىدامىلىق. ئوڭايلىقچە چىرىمەيدۇ، يېرىلمايدۇ
ھەم قايمايدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن ئۆي - ئىمارەت، ئۆي
جاھازلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى،
ھۈنەر- سەنئەت ئەسلىھەلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى
قاتارلىقلارنى ياسىغىلى، كۆتەك ۋە شاخ - شۇمبىلىرىنى
يېقىلغۇ قىلغىلى، چىۋىقلىرىدىن سېۋەت، سامبا، زەم-
بىل، چۇراڭ (كومزەك سېۋەت)، چويلا توقۇغىلى، قوۋ-

زىقىدىن قەغەز، ئۆلاقچىلىق شوينىسى ياسىغىلى بولىدۇ. يىمەك - ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە ئۈجمە مېۋىسىدىن ئۈجمە شىرنىسى ياسىغىلى، 50 كىلوگرام ئۈجمە شىرنىسىدىن 10 كىلوگرام 50 گرادۇسلۇق ئالىي هاراق ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئۈجمە ئۇرۇقىنىڭ ماي تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، سۈپىتى ياخشى. 100 كىلوگرام ئۈجمە ئۇرۇقىدىن 15 كىلوگرام ساپ ماي ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۈجمە قوۋزىقىدىن يەنە سانائەتتە ئوپتىك ئەينەك- لەرنى سۈرتىدىغان ئالىي دەرىجىلىك قەغەز، سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

ئۈجمىنىڭ مېۋىسىدە ۋىتامىنلار مول بولۇپ، بۇلار- دىن ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، $B_{12}$، C، E قاتارلىقلار، قەنت، ئاقسىل، ئالما كىسلاتاسى، تاننىن، كالتسىي، كاروتىن، ناترىي، ئالفاتىك مايلار ۋە ئانئورگانىك تۇز قاتارلىق مىنېرال ماددىلار بار.

ئاق ئۈجمىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل، قارا ئۈجمىنىڭ تەبىئىتى 1- دەرىجىلىك هۆل ئىسسىق، چېقىر ئۈجمە مۆ- تىدىل، ۋاسالغۇسى ئىسسىققا مايىل. ئۈجمىنىڭ يىلتىزى- نىڭ ۋە يوپۇرمىقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق.

ئۈجمىنىڭ مېۋىسى مەززىلىك هەم سىڭىشلىك بو- لۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى هەقىقەتەن يۇقىرى. ئېلىمىز- نىڭ مەشهۇر تېبىبي ئالىمى لى شىجىن ئۆزىنىڭ «گىياھ- لار» دېگەن كىتابىدا ئۈجمىنى «تائام بولىدۇ، ماغدۇر كىرگۈزىدۇ، نېرۋىغا داۋا بولىدۇ، ئەقىلنى تولدۇرىدۇ، قېرىتمايدۇ» دەپ يازغان. مىللىي تېبابەت كىتابلىرىدا

كۆرستىلىشچە، ئۈجمىنىڭ مېۋىسى توسالغۇلارنى ئې-
چىش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ساپ قان پەيدا قى-
لىش، جىگەر، تال خىزمىتىنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەي-
دەش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، بۆرەكنى، بەدەننى كۈچ-
لەندۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەي-
تىش، ھاراقنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش، قان تولۇقلاش
قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، كۆز
قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش، يۈرەك
كېسىلى، رېماتىزم، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق،
قەۋزىيەت، چاچنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىشى قاتارلىق كۆپ
خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىكەن. ئۈجمىنىڭ ۋاسال-
غۇسى جىگەر، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ بەدەننى كۈچلەندۈرى-
دۇ، قان تولۇقلايدۇ. ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقى يەلنى تارقى-
تىپ ئىسسىقلىقنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، كۆزنى
روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۈجمىنىڭ يۇمران
يوپۇرمىقىنى چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچسە ئۆپكىنى تازىلاپ
ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، بەدەندىكى يەل ۋە ھۆللۈكنى ھەيدەي-
دۇ، جىگەر ۋە يۈرەككە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۈجمە، تې-
رەك، سۆگەت يوپۇرمىقىنى سۇدا قاينىتىپ ئۇنىڭ سۈيىدە
قىزىرىپ ئاغرىغان كۆزنى بىرنەچچە قېتىم يۇيۇپ بەرسە،
كۆز بىرىكتۈرگۈچى، پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغىنى
داۋالايدۇ. 10 — 15 گرام ئۈجمە يوپۇرمىقىنى سۇدا
قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كاناي يال-
لۇغى، بادامبەز ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا
بولىدۇ. 12 گرام ئۈجمە يوپۇرمىقى، 15 گرام ئۆرۈك

مېغىزىنى 2 دانە ئامۇت بىلەن سۇدا قايىنىتىپ پىشۇرۇپ، كۈنگە بىر قېتىمدىن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئىسسىق-تىن بولغان يۆتەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۈجمە شېخى قىزىتمىنى قايتۇرۇپ يەل ھەيدەيدۇ، رېماتىزم، پۇت - قول سەزمەسلىك، پۇت - قول ئۇيۇشۇش قاتارلىق كېسەل-لىكلەرگە (قايناتقان سۈيى) شىپا بولىدۇ. ئۈجمىنىڭ يۇمران ھۆل چېۋىقىنى قوقاسقا كۆمۈپ قىزىتقان پېتى كالپۇكتىكى سۇلۇق جاراھەت (قوقاق) كە چاپلىسا ئاسان ساقىيىدۇ. ئۈجمە يىلتىزىنىڭ ئاق پوستى يۆتەلنى توختى-تىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۈجمە يىلتىزىنىڭ ئاق پوستىنى خام زەنجىۋىل پوستى، تاۋۇز شۆپۈكى، تەرخەمەك شۆپۈكى بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە، قورساققا سۇ يىغىلىش ۋە قورساقتىكى ئىششىقلارنى داۋالىغىلى بولىدۇ. دەم سىقىلىش، سۇلۇق ئىششىق، قان تۈكۈرۈش، يۆتەلنى توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە.

ئومۇمەن، ئۈجمىنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، تېبابەتچىلىك ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم.

## 13. شاتۇتنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى

شاتۇت ئۈجـمە ئائىلىسى ئۈجـمە ئۇرۇقـدىشىـدىكى كۆپ شاخلايـدىغان ياغاچ غولـلۇق مېۋىلىك دەرەخ بو-

لۇپ، 8 — 10 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. شاخلىرى قويۇق، ئەگرى - بۈگرى، دەرەخ تاجى يۇمىلاق بولۇپ، شەكلى كۆركەم كۆرۈنىدۇ. مېۋىسىنىڭ تازا پىشقانلىرى قارا بولۇپ تەمى چۈچۈمەل تاتلىق. پىشمىغانلىرىنىڭ مېۋىسى قىزىل بولۇپ تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ.

شاتۇتنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ تازا پىشقان مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە كاروتىن، ۋىتامىن A، B، C، ئاقسىل، قەنت، ماي، ئانتوسىئانىدىن، لىمون كىسلاتاسى، ئۈچچۈچان ماي، تاننىن (بوياق ماددىسى) قاتارلىقلار بار. شاتۇتنىڭ مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىشتىن باشقا قۇرۇتۇلغان مېۋىسى، شەربىتى، سۈيى مىللىي تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

شاتۇت سەپرانى ۋە ئىسسىقتىن بولغان گال ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىسسىقتىن بولغان كاناي ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، يۈرەكنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى قاتۇرۇش، كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش، ئۆيقۇسىزلىقنى داۋالاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شاتۇتنىڭ ھۆل ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋىسى، سۈيى، شەربىتى قاتارلىقلار يۇقىرى قان بېسىمى، قان تومۇرلار قېتىشىش، بۆرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان كاناي ياللۇغى، ئايال‐لار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆل مېۋىسى ۋە سۈيى مەستلىكنى يېشىدۇ، مېۋىسىنىڭ سۈيىنى ئېغىزغا ئېلىپ غار - غار قىلسا، ئېغىزغا

چىققان ھەرخىل جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. شاتۇت-
نىڭ قۇرۇتۇلغىنى، مۇراباباسى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىدەك
كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

شاتۇت ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىغا تارقال-
غان بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇجمە دەرەخلىرىگە ئوخشاش ئارقى-
لىق كۆپەيتىلىدۇ. ئۇنىڭ 1 كىلوگرام ھۆل مېۋىسى ئادەت-
تە 5 — 10 يۇەنگە يارايدۇ. يېمەك - ئىچمەك سانائىتىدە
شاتۇت مېۋىسىدىن مۇرابا (كونسېرۋا) ، شەربەت، ھاراق
قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇ-
نىڭ مېۋىسى، شەربىتى، مۇراباباسى دورىلىق خۇسۇسىيەت-
كە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش
ئارقىلىق مەلۇم ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

本书主要介绍园艺方面的新技术。

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# باغ بىنا قىلىش ۋە باشقۇرۇش

ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32 ، باسما تاۋىقى: 5.125
2006 - يىل 8- ئاي 1- نەشرى
2006 - يىل 8- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرازى: 3080 — 1

ISBN7 — 5373 — 1543 — 4

باھاسى: 7.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**



ISBN 7-5373-1543-4

9 787537 315432 >

ISBN 7–5373–1543–4
（民文）定价：7.00 元